2002
ژىل
ئىيۇل
№7
(4154)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

قىسقا خەۋەرلەر

ھەر ئۈچىنچى قازاقىستانلىق ھايات كەچۈرۈش مىنىمۇمىدىن تۆۋەن دەرىجىدە ياشايدۇ

قازاقىستاندا موشۇ ژىلىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىدا ھا- يات كەچۈرۈش مىنىمۇمىدىن تۆۋەن كىرىم قىلىدىغان ئاھالىنىڭ ئۈلۈش سالمىغى 29,6 پائىزنى تەشكىل قىل- غان، دەپ خەۋەر قىلدى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ستاتىستىكا بويىچە ئاگېنتلىقى.

كىرىمى تۆۋەن ئاھالىنىڭ ئەڭ كوپ قىسمى يېزىلار- دا بايقىلىدۇ. نامراتلار ماڭغىشلاق، جامبۇل، ئاتىراۋ، قىزى- لوردا، ئاقتوبە ۋە جەنۇبىي قازاقىستان ۋىلايەتلىرىدە ئۇر- غۇن. ستاتىستىكا ئاگېنتلىقىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 2000 - ژىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 2001 - ژىلى شەھەرلەردە نامرات ئاھالى سانى 30 پائىزدىن 20,4 پائىزغا قىسقارغان، ئەندى يېزىلاردا بولسا، 2، 34 پا- ئىزغىچە كوپەيگەن.

سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار كوپەيمەكتە

2002 - ژىلىنىڭ دەسلەپكى بەش ئېيى ئىچىدە قا- زاقىستاندا سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئادەملەر سانى 10286 گە يەتكەن. ستاتىستىكا بويىچە مىللىي ئاگېنت- لىقنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، جۇمھۇرىيەتنىڭ كۆپىلىگەن رېگىونلىرىدا سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار سانى ئۆسكەن.

ئۆتكەن ژىلى تاشقىرى موشۇ ژىلىنىڭ بەش ئېيى ئىچى- دە قازاقىستاندا يەنە 319 ئادەمنىڭ سېسىد بىلەن ئاغ- رىغانلىقى بايقالغان. ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى پاۋلودار، جەنۇبىي قازاقىستان، قاراغاندا، قوستاناي ۋىلايەتلىرىگە ۋە ئالمۇتا شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ.

ش ئۇئار دىكى رۇس پراۋوسلاۋ چىركوسىغا ھامىيلىق قىلىدۇ

موسكۋادا سۋياتو - ترويتسى سېرگىيېۋ لاۋردا موس- كۋا ۋە پۈتكۈل رۇسنىڭ مۇقەددەس پاترىيارخى ئالېك- سىي 2 نىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا رۇس پراۋوسلاۋ چىركوسى مۇقەددەس سىنودىنىڭ (ئالىي مەھكىمىسى- نىڭ) نۆۋەتتىلى مەجلىسى بولدى. سىنودىنىڭ مەجـ لىسىدە، جۈملىدىن، ش ئۇ ئار دىكى پراۋوسلاۋ چىر- كوسىغا ھامىلىق قىلىشنى ئاستانا ۋە ئالمۇتا ئارخىيې- كوپى ئالېكسىيغا ژۈكلەش قارار قىلىندى.

مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ چېكى يوق

ياۋروپا ئىتتىپاقى قازاقىستان بىلەن قىرغىزستاننى بۇ مەملىكەتلەردە ئىنسان ھوقۇقى ساھاسىدىكى ئەھ- ۋالنى ياخشىلاشقا چاقىردى. ياۋروپا ئىتتىپاقى نامى- دىن مۇنداق مۇراجەتنى قازاقىستان بىلەن قىرغىزستان- نىڭ ژۇقۇرى دەرىجىلىك دېلېگاتسىيەلىرىنىڭ يېڭى ئىنۋېستىتسىيەلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەخسىتىدە برىيۇ- سسېلغا قىلغان سەپىرىدىن پايدىلىنىپ دانىيە قىلدى. ياۋروپا ئىشلىرى بويىچە دانىيە مىنىسترى بېرتېل خا- ئاردېر مۇزاكىرىلەر ئاياقلاشقاندىن كېيىن مۇنداق دەپ بىلدۈردى: «ياۋروپا ئىتتىپاقى بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىرى- مىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى قانۇننىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېگە بولۇشىنى تەمىنلەش، ئىنسان ھوقۇق- لىرىنى ھىمايە قىلىش، ئاممۇىي ئەخبارات ۋاستىلىرى- دىكى ئەھۋال ئوخشاش ساھالاردا چوڭ كۈچ چىقىرىش- نى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنى ئىشقا تەكلىپ قىلماقتا

چېخىيەنىڭ يېڭى ھوكۇمىتى يېقىن ئارىدا چەت- ئەللەردىن، شۇ جۈملىدىن قازاقىستاندىن ياش مۇتەخەس- سىسلەرنى جەلىپ قىلىش بويىچە مەخسۇس پروگراممى- نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى. چېخىيە ئەلچىخا- نىسى كاتىۋىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، مىللەتنىڭ قېرىشى كادىرلار مۇئامماسىنى كۈچەيتمەكتە، ئەينە شۇ- نىڭ ئۈچۈن چېخلار چەتتىن مۇتەخەسسىسلەرنى جە- لىپ قىلىشنى قارار قىلدى. پروگراممىغا بەش ژىلغا بەل- گۈلەنگەن بولۇپ، 23 - 35 - ياشلاردىكى كىشىلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتلىرى بېيىل سېن- تەبىرنىڭ بېشىدا مەلۇم بولىدۇ.

چەتتىن كەلگەنلەردىن پايدىلانماقتا

ئالمۇتا ۋىلايەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەجـ لىسىدە ۋىلايەتنىڭ بىر قاتار ناھىيەلىرىدە يوشۇرۇن ھال- دا كەلتۈرۈلگەن ئىشچى كۈچىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىـ لىنىۋاتقانلىقى تەكىتلەندى.

يەقەت بىرلا نامەگەچقاراق ناھىيەسىدە ئۈچ يېرىم مىڭغا يېقىن قىرغىزىستانلىق دېخان ئىگىلىكلىرىدە ئىـ شلەپ كەلماقتا. ئائىلىلىرى بىلەن ئۇلار ئون مىڭ ئادەمـ دىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاما- مەن ئىجتىمائىي ياردەم نەپەقىسىگە ياشاۋاتقان تورۇت مىڭ ئائىلىدىن ئارانلا 28 پائىزى ئىش بىلەن تەمىنلەن- دى. بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي. يېرىم نامرات دېخان ئىگىلىكلىرى يەرلىك باترالارنى ئىمگەك ھەققىنى تولۇق تولەشكە قادىر ئەمەس، ئەندى سىرتتىن كەلگەنـ لەر بولسا بىر قاچا تاماققا ۋە غوجايىنىنىڭ ھېچ قانداق ھوججەت بىلەن تەستىقلەنمىگەن،ھوسۇل تەييار بولغان- دا ھەققىنى تولەيمەن، دېگەن ۋەدىسىگە تاڭدىن شام- غىچە تەر توكۈپ ئىشلەشكە رازى.

ھامىيلارنىڭ ياردىمى

«سوروس - قازاقستان» دوندى پېدايىلار ئۆيىنىڭ تەكلىۋىگە كازكوممېرتسبانك بىرىنچىلەر قاتارىدا ئاۋاز قوشتى.

ھازىرنىڭ ئوزىدىلا ئالمۇتىدىكى باللار ئۆيلىرىگە، تە- مىناتى ناچار ئائىلىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم بېرىل- دى. مۇنداق ياردەم ئامىنە ھاجىبايېۋانىڭ ئائىلەۋىي باللار ئۆيىگىمۇ بېرىلدى. خېلە ژىللاردىن بېرى ژىتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇلارغا ھەم ئاتا ھەم ئانا سۈپىتىدە باش پانا بولۇپ كېلىۋاتقان ئامىنە ھاجىباي- ۋانىڭ ئائىلەۋىي باللار ئۆيىدە ھازىر 30 بالا تەربىيە - لەنمەكتە. ئەينە شۇ باللارغا سۈپەتلىك كىيىم - كېچەك سوغا قىلىندى. فوندىنىڭ خەيرى - ئېھسانلىق ئىشلىرى يەنە داۋاملاشتۇرىلىدۇ. پات ئارىدا تالغىردىكى ئائىلە - ۋىي باللار ئۆيىدە تەربىيەلىنىۋاتقان 110 بالىغا كى- يىم - كېچەك ئەۋەتىدۇ.

ئۈچقۇن قۇربانىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

چەت ئەل خەۋەرلىرى

«خاماس» لىدېرلىرىنىڭ بىرى ئۆلتۈرۈلدى

يېقىندا پالېستىنا ئاۋتونومىيەسىنىڭ تەۋەسىگە جايلاشقان گازا شەھىرىگە ئىسرائىل ھەربىي ھاۋا كۈچ- لىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىدە «خاماس» ھەرىكىتىنىڭ ھەربىيلەشتۈرۈلگەن قانىتىنىڭ لىدېرى 40 ياشلىق سالاخ سالېخ، ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى، شۇنداقلا تېررورىستىنىڭ ئون خوشنىسى ھالاك بولغان. ھالاك بولغانلار ئىچىدە - ئىككى ئايلىقتىن 13 ياشقىچە بولغان توققۇز بالا بار. 160تىن ئوشۇق ئادەم يار- ىدار بولغان. ئىسرائىلنىڭ باش مىنىسترى ئارئېل شارون بۇ ھۇجۇمنى «چوڭ مۇۋاپپەقىيەت» دەپ ئاتىدى. ئۇ شۇنداقلا غەيرىي - رەسمىي كېلىپ ئىشلەۋاتقان 50 مىڭ پالېستىنلىقنى قايتۇرۇشقا يول - يورۇق بەرگەن. پالېستىنا ئاۋتونومىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىسرائىلنىڭ بۇ ھۇجۇمنى «ئۇرۇش ئېلان قىلىش» دەپ ئاتىدى. «خاماس» ھەرىكىتىنىڭ روھىي رەھبىرى شەيىخ ئەخمەد ياسىننىڭ ئوڭ قولى دەپ ھېساپلىنىدىغان ئاب- دۇل ئەزىز رانتىسى:«ئىسرائىللىقلارنىڭ بۇ جىنايىتى ئۇلارغا ئوڭايغا توختىمايدۇ، بىز چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز»، - دەپ بىلدۈرگەن.

ساتامدۇ ياكى ئۇلۇمگە ئەۋەتەمدۇ؟

پالېستىنلىق نەئىمە ئەل - ئۇبېيدا رىشون لى - سىوندا ئوزىنى پارتلىغان تېررورىستىنىڭ ئانىسى. تېررورلۇق ھەرىكەتتىن كېيىن نەئىمە: ئوزىنىڭ يەنە يەتتە ئوغلى بار ئېكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇنداقلا شې- ھىد بولۇشىغا ئۈمۈت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئامېرىكىلىق سكوتت مىللېر بۇ توغرىلىق خەۋەر تېپىپ، ئوچۇق خەت يازغان. ئۇنى ئىسرائىلنىڭ بىر نەچچە گېزىتى ئېلان قىلدى.

«نەئىمە مەن سىزنىڭ باللىرىڭىزنى سېتىۋېلىشنى خالايمەن. سىز يەنە يەتتە ئوغلىڭىز بارلىقىنى ۋە ئۇلار- نىڭ ھازىرچە ھايات ئېكەنلىكىنى تەكىتلەيسىز (ئەپسۇسكى، ئوغلىڭىز ماھمۇد ئوزىنى ئۆلتىرىۋالغان)، سەد- دام ھۇسەيىنىنىڭ تىرىك بومبا بولۇشقا تەييار ھەر بىر ئادەمگە 25 مىڭ دوللاردىن تولەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەن سىزگە ھەر بىر ئوغلىڭىز ئۈچۈن 30 مىڭ دوللاردىن بېرىمەن. مەن ئۇلارنى سىزدىن ئەمەس، بەلكى سىز ھورمەتلەيدىغان ئوللۇم خۇداسىدىن سېتىپ ئېلىشنى خالايمەن. بەلكىم ئۇلار قاتىللىقنى ۋە ئوزىنى - ئوزى ئۆلتىرىشنى رەت قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ چىقار. بەلكىم ئۇلار خرىستىان، يەھۇدىي، بۇددىست ياكى ئاتېىست بولۇشنى تالالاپ ئالار. ئەگەر مەن ئۇلارنى ئامېرىكىلىق قىلىپ ئوستۇرەلىسەم، ئېھتىمال بولسا، بۇ ئۇلار- نىڭ تاللاپ ئالغىنى بولىدۇ. ئەگەر سىز باللىرىڭىزنى ماڭا ئەمەس، سەددامغا ساتسىڭىز ئۇلار گۇناسىز ئاياللار بې- لەن باللارنى ئولتەرگەن ھالدا، ئوزلىرى ياش تۇرۇپ قىيما - جىيما بولۇپ ھالاك بولىدۇ...

مەن بىلەن ئالاقە قىلىڭ، مەن ۋەدەمدە تۇرىمەن.»

ئىسرائىل ئوفىتسېرلىرى پالېستىنلىقلارغا قۇرال ساتقان

ئىسرائىلدا بولۇپ كورۇلمىگەن چوڭ جاڭجال ئوۋج ئېلىۋاتىدۇ: مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەسكەرلىرى پالېستىنا تېررورىستلىرىغا قۇرال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ھەربىي كىيىم - كېچەكلەرنى ساتقان. «دۈشمەن بىلەن جىنايى سودا قىلغانلىقىدا» ئەيىپلىنىپ، تورت ھەربىي خىزمەتچى - ئۇلارنىڭ ئۈچى ئوفىتسېر ۋە بىرى رېزېرۋىست - قاماققا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادورا ۋە ئېلىم دېگەن يەھۇدىيلار ئاھالىلىق پۇنكىتلىرىنىڭ تۇرغۇنلىرى. يېقىندا يەنە بىر گۇمانلانغان ئادەم - ئىسرائىل تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى مۇھاپىزەت باشقارمىسىنىڭ خادى- مى، ھەربىي خىزمەت ئوتەش ئۈچۈن چاقىرىلغان زاپاستىكى مايور قاماققا ئېلىندى.

سۇ تاشقىنىنى خىتايدىن كورمەكتە

روسسىيەدە - ئەندى بۇ قېتىم ژىراق شەرىقتە يەنە بىر ھالاكەتلىك سۇ تاشقىنى يۈز بەردى. پرىموريې ئولكى- سىنىڭ گۇبېرناتورى سېرگېي داركىن ئىختىساتقا ئىنتايىن چوڭ زىيان يەتكۈزگەن بۇ سۇ تاشقىنىنىڭ ئېھتىمال بولغان سەۋەپلىرىنىڭ بىرى ئوزلىرىنىڭ سۇ ئامبارلىرىدا ئاگاھلاندۇرماستىن، شلېيۇزلارنى ئېچىۋەتكەن خىتاي ئىنژېنېرلىرىنىڭ پەرۋاسىزلىغىدىن ئىبارەت، دەپ ئاتىدى. پرىموريېدىكى سۇ تاشقىنى روسسىيەدىكى سۇ تېخ- نىكىلىق ئىنشائەتلىرىنىڭ ھالاكەتلىك ئەھۋالدا ئېكەنلىكى توغرىلىق يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئوتۇشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

مەرھەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قولىنى سوزغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802 МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк "Центр Кредит"

بىزنىڭ سوھبەت

ئۇنى شەرقىي تۈركىستان ئوردېن ۋە مېداللىرى قىزىقتۇرىدۇ

يېقىندا جۇمھۇرىيەتتىكى ئاتاقلىق فالېرىست (دۇنيا دولەتلىرىنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرى، ھەربىيلەرنىڭ پەرىق بەلگۈلىرىنى ۋە باشقا تارىخىي رەمزلەرنى ژىغقۇچى) لېونىد ئىۋانوۋىچ سكنار بىزگە كېلىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر نەچچە ئوردېنلىرى بىلەن مېداللىرىنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەزى يەرلىك ئورگانلىرى، ئىدارە- مەھكىمىلىرىنىڭ شەخسىي گۇۋالاندۇرىدىغان ۋە خىزمەتكە تايىنلانغانلىغى توغرىلىق رەسمىي ھوججەتلىرىنى كورسەتتى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرىدىكى يېزىقلارنى ئوقۇپ، تەرجىمە قىلىپ بېرىشىمىزنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەن ئىكەن. بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلدۇق.

- لېونىد ئىۋانوۋىچ، سىزگە فالېرىستىكا، يەنى ئوردېن ۋ مېداللارنى يىغىش ئوخشاش بۇ قىزىقارلىق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا نېمە تۈرتكە بولدى؟

- مېنىڭ دادام ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئىشتىراكچىسى. كېيىن ئۇ پولكوۋنىكى ئىۋان ئىۋانوۋىچ سكنار فالېرىستىكا بىلەن كوپ ژىل شۇغۇللانغان ۋە بۇ ساھادا خېلىلا تۇتۇققا يەتكەن ئىدى. مەن دادامنىڭ بۇ ھەۋەسىنى داۋاملاشتۇردۇم. ئىشتىن بوش ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىنى سۆيۈملۈك قىزىقىشىمغا سەرپ قىلىمەن.

- كوپلىگەن ئادەملەر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى توغرىلىق، ئۇنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرى ھەققىدە تامامەن بىخەۋەر ياكى ئۇ توغرىلىق ناھايىتى ئاز بىلىدۇ. ئەندى سىز بۇ مەسىلىدە خېلە مەلۇماتلىق ئىكەنسىز. موشۇ ھەقتە توختىلىپ ئوتسىڭىز.

- مېنى دائىم ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئوز ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەش تارىخى قىزىقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالمۇتىدىكى «كوللېكسونېرلار كلۇبى»غا ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئازاتلىق، ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەشكەن خەلقلەرنىڭ، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرىنى ئىزدەشكە كوپ كۆڭۈل بولدۇم. بۇنىڭدىن بىر نەچچە ژىل ئىلگىرى مەن شۇ «كوللېكسونېرلار كلۇبىدا» بىر ئايالدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەسىس قىلغان «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنىنى سېتىۋالدىم. ئەينە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك باسقۇنچىلارغا قارشى مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەتكە كوتۈرۈلگەنلىگى، 1944 - ژىلى غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىغى توغرىلىق تونۇش بولدۇم. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخى مېنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. ئەندى ھازىر بولسا كوپ ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، نۇرغۇن مەنبەلەرنى ئوقۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى - شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، ئۇنىڭ ئوردېنلىرى بىلەن مېداللىرى ھەققىدە ئوزەمگە چۈشلۈك مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم.

- لېونىد ئىۋانوۋىچ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرى توغرىلىق مەلۇماتلار بار كىتاب - ژۇرناللار مەۋجۇتمۇ؟

- 1990 - ژىلى موسكۋالىق ئاتاقلىق فالېرىست ۋسېۋولود ۋسېۋولودوۋىچنىڭ «ئانتوك» نەشرىياتىدىن 75 مىڭ نۇسخىدا «پېنسىيگە فالېرىستىكى» («فالېرىستىكا توغرىلىق سوھبەتلەر») دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى. مەزكۇر كىتاپتا دۇنيادىكى ئولكىلەردا يۈز بەرگەن مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەتلەر، ئىنقىلابلار ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن دولەتلەر، بۇ مۇستەقىللىقنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكى، ئۇ دولەتلەرنىڭ ئوردېنلىرى بىلەن مېداللىرى توغرىلىق تەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن. مەزكۇر كىتاپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتلىرى سىستېمىسى توغرىلىق، پارتىزانلار ئوتريادلىرىنىڭ كوماندىرلىرى - خەلق نىجىدە رولى ئويناپ ئىنقىلاب قەھرىمانى غېنى باتۇر، ئەخمەتجان قاسىمى، فاتىخ مۇسلىموۋلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى توغرىلىق قىسقىچە مەلۇماتلار بار ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش»، «ئازاتلىق» ئوردېنلىرىنىڭ، «پىدائى» مېدالىنىڭ سۈرەتلىرى بېرىلگەن. (نەتىجىدە بۇ كىتاپ) بولغان شەرقىي تۈركىستان ئوردېن ۋە مېداللىرى يەنە قانداق بىلەن چەكلەنگەن بولى كېرەك.

- سىزچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېنلىرى بىلەن مېداللىرىنىڭ قانداقتۇ بىر ئالاھىدىلىگى بارمۇ؟

- بۇ ئوردېنلار بىلەن مېداللارنىڭ ھەممىسى قولدا زەرگەرلەر تەرىپىدىن ئالتۇن، كۈمۈچ ۋە ئالتۇنداس ياسالغان، ئۇلارنىڭ رەمزى ئاساسىي جەھەتتىن ئازاتلىقنى ۋە پۈتكۈل قىتئەلەر بىلەن بىرلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى ئوردېنلار رەڭلىك ئېماللار بىلەن قاپلىنىپ، كورۇنۈشى ناھايىتى چىرايلىق. شەرىق ئەللىرىدە سېرىق رەڭ - ئەركىنلىكنى بىلدۈرىدۇ. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئوردېنلارغا سېرىق رەڭدىكى ئېمال بېرىلگەن. يەنە بىر ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان نەرسە، ئوردېنلار بىلەن مېداللاردىكى نومېرلارنىڭ ئازلىغى دىققەتكە سازاۋەر. دېمەك، ئوردېنلار بىلەن مېداللار كورۇنگەنلا ئادەملەرگە بېرىۋېرىلمىگەن، ئۇلار بىلەن پەقەت ئالاھىدە قەھرىمانلىغى ۋە خىزمىتى بىلەن كوزگە چۈشكەن ئادەملەرلا مۇكاپاتلانغان.

- ئوردېنلار ۋە مېداللار ھەم باشقا رەمز- بەلگۈلەرنى ژىغىشقا بولغان ئىشقىڭىز سىزنىڭ كوپ ۋاقتىڭىزنى تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى مەلۇم مەبلەغنىمۇ تەلەپ قىلسا كېرەك؟

- مەخسەت - مەبلەغدە ئەمەس. مەن بۇ ھەۋەسىمدىن ئەجايىپ بەھىر ئالىمەن، ئۇ- مۇمەن فالېرىستىكا ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي ئېتىشىدە، ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە ۋە، ئەڭ مۇھىمى - ئايرىم دولەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىلىق مەلۇماتلارنى ئېلىشتا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ. مەن ئوزەمنىڭ ئەينە شۇ ھەۋەسىم ئارقىلىقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قان توكۈپ، ئوز ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلىگەنلىگىدىن خەۋەر تاپتىم. ئوردېنلار بىلەن مېداللار - ئادەتتىكى مېتال پارچىلىرى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇلار بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىق جاسارىتىنىڭ ياققال ئىسپاتىدۇر.

- ئوز كوللېكسىيەڭىزدىن نېمىنى ئەڭ باھالىق دەپ ھېساپلىغان بولار ئىدىڭىز؟

- مەن ئوزەم توپلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى - مەيلى ئۇ ئوردېن ۋە مېداللار بولسۇن، ھەر قانداق فوتوسۈرەت ياكى بىرەر كىشىگە بېرىلگەن ھوججەت بولسۇن - ھەممىسى ئىنتايىن چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ ھېساپلايمەن.

- سىز ئىلمىي ئىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنامسىز؟

- فالېرىست - كوللېكسونېرلارغا مولجالانغان نەشرلەر بار. ئەينە شۇنداق نەشرلەردە ئوز ماقالىلىرىمنى ئېلان قىلىپ تۇرىمەن. موسكۋالىق كورنەكلىك ئالىم، روسسىيە فېدېراتسىيەسى دولەت تارىخىي مۇزېيىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى ۋالېرى ئالېكسانروۋىچ دۇرۇۋ بىلەن ھەمكارلىقتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، ئۇنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرى ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوز ئىستىقلالىيىتى يولىدىكى كۈرىشى توغرىلىق موسكۋادا نەشر قىلىنىدىغان «سىنگائوز» (ھەربىي كىيىملەر، مۇكاپاتلار، قورال - ياراق، بايراقلار، گېرالدىكا) ژۇرنالىغا بىر ئىلمىي - ئاممىباپ ماقالە تەييارلاۋاتىمىز. ماتېرىيال نەشر قىلىنغاندا ژۇرنالنىڭ بىر سانىنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن.

- سوھبىتىڭىزگە رەخمەت.

سوھبەتلەشكەن يادىكار سابىتوۋ.

قېرىنداشلىق رىشتىلىرى

غۇلجىدا بولغان سابانتوي

بىيىل ئىيۇندا ش ئۇ ئار غۇلجا شەھىرىدە قېرىنداش تاتار خەلقىنىڭ مىللىي بايرىمى سابانتوي تەنتەنىلىك نىشانلاندى. بۇ بايرامغا چەت ئەللەردىنمۇ مېھمانلار تەكلىپ قىلىندى. سابانتويىنى ئوتكۈزۈشكە تەييارلىق كورۇش ھەيئىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن بىيىل 10 - ئىيۇن كۈنى ئالمۇتا شەھەرلىك تاتار - باشقۇرت مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئىلمۇرات ۋافىننىڭ باشچىلىغىدا 31 كىشى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كەلدۇق. ساھىپخانلار بىزنى شەھەردىكى «دوستلۇق» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. 13 - ئىيۇن كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار قەبرىستانلىغىدا يۇرت موتىۋەرلىرى - ئۇيغۇر، قازاق، تۈگكان ۋە تاتارلار بىلەن مەرھۇملار روھىغا ئاتاپ خەتمە قۇرئان ۋە مەۋلۇت ئوقۇلدى ۋە نەزىر بېرىلدى.

ئەندى 15 - ئىيۇن كۈنى گوزەل تاش كورۇك شىپاگىدا غۇلجا شەھەرلىك ھاكىمىيەت ۋەكىللىرى ئىشتىراكىدا سابانتوي ناھايىتى تەنتەنىلىك رەۋىشتە نىشانلاندى. تاتارلار بىلەن شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق، رۇس، تۈگكان خەلقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان بۇ بايرامدا ھەر مىللەت ئارتىستلىرى ئوز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى، شۇنداقلا ھەر خىل ئويۇن - كۈرەشلەر ئوتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا مېھمانلار ئۈچۈن يەرلىك ھوكۇمەت نامىدىن چوڭ زىياپەت بېرىلدى. سابانتويغا شۇنداقلا ئاۋستراليەدە ئىستىقامات قىلىۋاتقان تاتارلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ گوزەل غۇلجا شەھىرىدە ئوتكۈزۈلگەن بۇ سابانتوي ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە ئەجايىپ تەسىرات قالدۇردى.

غۇلجا شەھەرلىك تاتار مەدەنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىلميار غابىتوۋ، تۇرسۇنتاي سۇلتان، ئىززەتۇللا قاتارلىق قېرىنداشلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئوتكەن بۇ تەنتەنىلەر ھەقىقىي دوستلۇق بايرىمىغا ئايلاندى.

بۇ سابانتويىنى ئويۇشتۇرۇشقا شارائىت ياراتقان ش ئۇ ئار رەھبەرلىكىگە مىننەتدارلىغىمىزنى ئىزھار قىلىمىز.

ناژىلە يۇسۇپوۋا.

غۇلجىدا بولغان سابانتويدىن كۆرۈنۈشلەر.

سالامەتلىك ژىلى

ئاتا ئىزى بىلەن

يېقىندا يولۇم چۈشۈپ تاراز شەھىرىدىكى تېرە - ۋېنېرولوگىيەلىك دىسپانسېرىنىڭ باش دوختۇرى دانىيار ئابدۇسېمەتوۋ بىلەن ئۇچرىشىپ بىر ئاز سوھبەتلەشتىم. بۇ ژىگىت توغرىلىق ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى ۋە بىمارلار ئىجابىي پىكىردە ئىكەنلىكى ياخشى مەلۇم.

- بىزنىڭ دوختۇرخاندا ئالىي ۋە ئوتتۇرا بىلىملىك 122 تېببىي خادىم ۋە باشقىلار ئىشلەيدۇ، - دەپ سوز باشلىدى دانىيار. بىز ئاساسەن تېرىگە چىققان ھەر خىل جاراھەتلەرنى، سىفىلىس ئوخشاش ژۇقۇملۇق ئاغرىقلارنى داۋالايمىز. ژىراق يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەنلەر ئۈچۈن 130 ئورۇنلۇق ئاغرىقخانىمىز بار. ھازىرقى شارائىتتا تېببىي خادىملار داۋاملىق بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى لازىم، چۈنكى بۇ ساھادا يېڭىلىقلار ئاز ئەمەس.

مەن دوختۇرلار ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئوستۇم. دادام مارس دوختۇر، ئاپامۇ دوختۇر. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن دوختۇر بولۇشنى تاللاۋالغان.

ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا تاماملىغان دانىيار شەمەي تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇ ئىنستىتۇتنىڭ 2 - كۇرسىنى ئوقۇۋاتقاندا ئارمىيە سېپىگە چاقىرىلىدۇ. ئۇ پۇخرالىق ۋەزىپىسىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1995 - ژىلى ئوقۇشنى ئۈزتۈقلۇق تاماملاپ يوللانما بىلەن شەمەيدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىدە ئىشلەيدۇ. كېيىن ئۇ جامبۇل ۋىلايىتىنىڭ تاراز شەھىرىدىكى تېرە كېسەللىكلەر ئاغرىقخانىسىغا ئىشقا يۆتكىلىدۇ. ئۇنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى بايقىغان ئاغرىقخانا رەھبەرلىگى دانىيارنى بولۇم باشلىغى قىلىپ تايىنلايدۇ. ئۇ ئوز ئىشىغا نىسبەتەن جاۋاپكەرلىكى، بىلىمىنىڭ ئۈستۈنلىكى، كەمتەرلىكى بىلەن خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا ئابروي - ئىززەتكە ئىگە بولىدۇ. نەتىجىدە 1999 - ژىلى دانىيار ئابدۇسېمەتوۋ مەزكۇر ئاغرىقخانىنىڭ باش دوختۇرى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. ياش مۇتەخەسسىس بۇ ئىناق كوللېكتىۋ بىلەن تىل تېپىپ ئىشلەپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە كورۇنەرلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. دوختۇرخانا ھەر خىل تېببىي ئاپپاراتلار، جىھازلار بىلەن تولۇق دېگىدەك تەمىنلەندى، سەككىز كومپيۇتېر ۋە بىر يېڭى ئاۋتوماشىنا سېتىپ ئېلىندى.

ئىنسان سالامەتلىكىنى ساقلاشتەك مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان دوختۇرلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن بىز ژۇقۇردا تونۇشتۇرغان دانىيارنىڭ بۇ ساھادىكى پائالىيىتىگە پەقەتلا ئاپىرىن ئېيتىمىز. ئاتىغا قاراپ ئوغۇل ئوسەر دېگەندەك، دانىيارنىڭ دادىسى مەرھۇم مارس ئىلگىرى موشۇ ئاغرىقخانىنىڭ باش دوختۇرى بولۇپ كوپ ژىل ئۈنۈملۈك ئىشلىگەن، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. 1990 - ژىللىرى جامبۇل ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنى قۇرۇشتا بىرىنچىلەر قاتارىدا كۆچ چىقارغان. مارس ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولۇپ ئۇنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرغان ئىدى.

مانا ئەندى، ئۇنىڭ ئوغلى دانىيار ئاتا ئىزىنى بېسىپ، ئەل ئىچىدە تونۇلدى. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئىشىغا پائال ئىشتىراك قىلىپ كەلمەكتە.

ئەخمەتجان رەھىموۋ.
تاراز شەھىرى، جامبۇل ۋىلايىتى.

يېقىندا شۋېتسىيەدىن: ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گۇننار يارىڭنىڭ ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن 95 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەر كەلدى. گۇننار يارىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا سالماقلىق ھەسسە قوشقان كۆرنەكلىك ئالىم. خەلق ئارا مەيداندا [illegible] دىپلومات ئىدى. گۇننار يارىڭنى [illegible] ئۆزىنىڭ چوڭقۇر دوستى سۈپىتىدە بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇھىم مۇئەللىپلىرىغا [illegible] غان كويىلگەن ئىلمىي ئەمگەكلەرنى يېزىش جەريانىدا تارىخىي ۋەتىنىمىزگە بىر نەچچە قېتىم زىيارەت قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى [illegible] ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، [illegible] قايغۇسىغا ئورتاقلاشقان مەشھۇر ئالىم ئىدى. بىز ھۆرمەتلىك گېزىتخانلارغا ئالىمنىڭ ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان پارچىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.

مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات

50 ژىل مۇقەددەم، قەشقەرنىڭ ئەدەبىياتى راسا گۈللەنگەندى. پۈتۈن شىنجاڭدىمۇ شۇنداق ئىدى. دەرۋەقە مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلار تولىمۇ ئاز ئىدى، شۇ كەملەردە بۇ خىل كىتابلار بولغان تەقدىردىمۇ كۆپىنچىسى تاشكەنت، سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن كىرگۈزۈلگەن تاش باسما كىتابلار ئىدى. مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى قوليازما بولۇپ، باھاسى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تاش باسما كىتابلاردىن كۆپ ئەرزان ئىدى. ئېھتىياج تۈپەيلىدىن كىشىلەر كىتابنى قول بىلەن كۆچۈرۈپ چىقاتتى. [illegible] قوليازما كىتابلارنىڭ قايتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى [illegible]. بۇ خىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنى ۋە ئەخلاقىغا دائىر ئىدى. [illegible] «قىسسۇل ئەنبىيا» دېگەن مەشھۇر كىتاب [illegible] بۇ كىتاب 14 - ئەسىردە [illegible] ... [illegible] شەك - شۇبھە يوق ئىدى.

«ئىنجىل»نى ئوقۇغان كىشىلەرگە «قىسسۇل ئەنبىيا»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى تونۇشلۇق. چۈنكى، ئىسلام دىنىدىكى ئۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى «ئىنجىل»نى ئاساس قىلغان. نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە توپان بالاسى، يەھيا ئەلەيھىسسالام مىسرىدا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىۋى مەريەم دېگەنلەر «قىسسۇل ئەنبىيا»دا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاچ ئىبنى ئوۋۇق ھەققىدىكى قىسسەنى كىم دېگەندىمۇ ھەم ئاجايىپ قىزىقارلىق، ھەم پەس مەزمۇندىكى ياساللما تەپسىلىي جەريانلار ھەققىدىكى بايانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ قىسسەدە ئاچ ئىبنى ئوۋۇقنىڭ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىشىغا ياردەم قىلغانلىقى، توپان ئۇنىڭ بېلىگىچىلا كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ توپان بالاسىدا ئۆلمەي تىرىك قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى قىسسە ياكى ئىسلام دىنىدىن غەيرىي قىسسە ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيىش تەس. مەن 1935 - ژىلى خوتەنگە يېقىن كۇما دېگەن جايدىن تارالغان قىسقىغىنە بىر رىۋايەتكە ئىگە بولدۇم. بۇ كىتاپتا بۇ رىۋايەت تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «قىسسۇل ئەنبىيا»دىن ئېلىنغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا ھەققىدىكى رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق زىكرى قىلىنىدۇ: ئۇلار يەتتە ژىل ئايرىلىپ ژۈرۈشكەندىن كېيىن، ئاخىر مۇز قاپلىغان تاغ چوققىسىدا قايتىدىن دىدارلىشىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋسىنى باسالماي، ھاۋا ئانىنى مۇز ئۈستىگىلا باسىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بارلىق ئاياللارنىڭ كاسىسى، ئەرلەرنىڭ تىزى [illegible] سمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.

بۇ قىسسىنى زىكرى قىلغۇچى، روشەنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىنى قۇرغاق، چۆل، پىژ - پىژ [illegible] سىق، مۇز قاپلىغان جىلغىلار بولمىغان ئوتتۇرا شەرقتىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقلىمىغا ئېلىپ كەلگەن. قىسسەدە ئادەم ئەلەيھىسسالام گويا قەشقەردىن ھىندىستانغا سودىگەرچىلىككە چىقىپ، ھىندىستاندا بىر قانچە ژىل تۇرۇپ قالغان بىر باي سودىگەردەك، ئۇنىڭ خوتۇنى ھاۋا ئانا بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىققاندەك، ئەر - خوتۇن ئىككىسى قاراقۇرۇمنىڭ مەلۇم بىر جايىدىكى مۇزلۇق جىلغىدا دىدار كۆرۈشكەندەك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ سوغۇق ھاۋاغا بولغان سېزىمچانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىر بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىشقا تەشنا بولغان ئەر - خوتۇن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىك ئۈستىدىكى كارامەت نوخشىتىلغان باياندىن ئىبارەت.

لېكىن، قەشقەردىكى قوليازمىلارنىڭ ھەممىسىنى دىن ياكى ئەخلاققا ئائىت ئەسەرلەر دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئىچىدە قايغۇ - ھەسرەت، شات - خۇشاللىق، جۇدالىق - ھىجرانلىق ۋە دىدارلىشىش - كۆرۈشۈشكە ئائىت بولغان، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئىزناسى بويىچە نىش كۆرمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تارتقان ئازاپ - زۇلۇملىرىغا ئائىت بولغان ياكى بىلمەستىن خاتا يولغا كىرىپ قالغان ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرى بىلەن ئۆزئارا [illegible] دىدارلاشماي پەقەت بېيىت - قوشاق ۋە غەزەل - ئاشنا ئارقىلىق قىزغىن ئىشقى مۇھەببەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىگە ئائىت ھېكايىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خىلدىكى رومانتىك [illegible] ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ [illegible] تەرجىمە قىلىنغانلىرى يوق دېيەرلىك. شېئىر - قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمى قايتىدىن [illegible] ... [illegible]

قوشاق - بېيىتلار تۆرت مىسرالىق، قاپىيىداش كېلىدۇ. [illegible] ... [illegible]

بۇلبۇل سايرىماس بولدى،
قىزىل گۈل ئېچىلماس بولدى،
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ،
يارىم قارىماس بولدى.

ياكى بەزى قوشاقلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى [illegible] ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان غېرىپلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. [illegible] ھەسرەتلىك [illegible] ئىپادىلەنگەن:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلار،
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىپقا غېرىپ يىغلار.

ماقال - تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەردە خەلق ئارىسىدىكى ئاددىي، ئەمەلىي فىلوسوفىيەۋى ئىدىيەلەر ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «ئات ئالساڭ تاي كېپەش، خوتۇن ئالساڭ ژىل كېپەش» ياكى «پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە» ۋە ياكى «ئۆلگەن قايتماس، ئۆچكەن يانماس» ۋە ھاكازىلار.

بۈگۈنكى قەشقەر ياشلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئىگە ژۇقۇرىقىدەك ئەدەبىياتتىن خەۋىرى بارلار ناھايىتى ئاز ساندا. يېڭى ئەۋلاتلارنىڭ ژۇقۇرىقىدەك ئەسەرلەرنىڭ ژىراق ئۆتمۈش زامانلاردا مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھېس قىلىش ناھايىتى تەس. بىراق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش يوقىلىش خوۋۇپىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ يوقالغىنى يوق. مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغاچقا، يادلاش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەشقەردە، بۇرۇن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئېلىپنى تاياق دەيدىغان دەۋرلەردىكىدەك ئۇنچىۋالا بەك زۆرۈر دەپ قارالمايدىغان نەرسە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن سىرىت، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان قوليازمىلار تەختىسىراغا تاشلىۋېتىلگەچكە، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ئۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ ئىلگىرى بولغانلىقىلا قالغان. بىراق، ئۇنى ئوقۇش زامانىغا ماس كەلمەيدىغان، شۇنداقلا كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان. بەزىلەر ماڭا ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان ئاشۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قايتىدىن تىرىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دېدى. كېيىنكى ئىتتىپاقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى خەلق ئاشۇنداق ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان رىۋايەتلەرنى بەك ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، بۇلارنى دىرامىلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ھالبۇكى، شىنجاڭدا بولسا بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەر كۆمۈلۈپ قالغان، بۇ ئىككى جاي ئارىسىدىكى پەرىق ناھايىتى چوڭ ئىدى.

قەشقەر مەدەنىيەت جەمئىيتى «قەشقەر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنالنى نەشر قىلغان، ئۇنى شۇ يەردىكى «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باسما زاۋودىدا باستۇرغان. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى لىرىكىلىق شېئىرلاردىن ئىبارەت، لېكىن بەزىبىر ھېكايىلەر ۋە ئەدەبىيات ياكى مەدەنىيەت ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ئاساسىي تېما قىلىنغان ئوبزورلارمۇ ئارىلاپ ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىكەن. 1978 - ژىللىق 1 - سانىنىڭ مۇندەرىجىسى مۇنداق: ئوبزور ئىككى، بايان خاراكتېرىدىكى ھېكايە بىر، ئۇنىڭ ئاۋتورى تۇرسۇن مىرزا، ھېكايىنىڭ تېمىسى «لاچىن» بولۇپ، ھېكايىنىڭ بىرىنچى ئابزاسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

بۇ ژىل باھار بەك بۇرۇن كەلدى، قار - مۇزلار ئاللىبۇرۇنلا ئېرىپ بولغانىدى. تاغلاردىكى ئوتلاقلارنىڭ ئوتلىرى بولۇق ئۆسكەنىدى. ھوپپىدە ئېچىلغان تاغ گۈللىرى قۇياش نۇرىدا ئاتەشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى، ئۆز ئەركىسى بويىچە بەخىرامان ئوتلاپ ژۈرگەن كالا پادىلىرى بولۇق چۆپلۈكتە ئەركىن - ئازادە ئوتلىماقتا ئىدى. پادىچىلار يايلاققا مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ قەلبى شاتلىققا تولغانىدى.

ئامما، تەبىئەت مەنزىرىسى ئۈستىدىكى تەسۋىر بىردىنلا سىياسىي تېمىغا بۇرۇلغانىدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ تەسىرى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. شېئىرلار ئىچىدە: «مەڭگۈ ھايات ماۋ جۇشى»، «ماۋ جۇشىنى ئېسىمىزدا ساقلايمىز» ياكى «ئايال تراكتورچى» قاتارلىقلار بار ئىدى. شېئىرلاردىكى قاپىيە ئۆزگىرىشچان ئىدى، لىرىكىلىق قۇرۇلمىسىمۇ ھەر خىل شەكىللەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئامما، قېدىمكى رۇبائىيلار قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

«خەلق» باغچىسى «خەلق» مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدىلا ئىدى، بۇ ھەم گۈللۈك، ھەم باغچا ئىدى. باغچىدا رەئىس ماۋ دېيىزۇڭنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. ئىلگىرى بۇ جاي مازارلىق بولغاچقا، كەچ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەرگە كىرىشكە ھېچ كىم جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، كىشىلەر بۇ جايدا جىن - ئالۋاستى بار دەپ قارايتتى. بىراق 1953 - ژىلى قەشقەر خەلقى بۇ يەرگە كۆچەت قويۇشنى باشلاپ، شەھەرگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى شەھەرنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا زامانىۋى شەھەردىكى بىر بوستانلىق قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كىرىشكەن. ئەسلىدە بۇ باغچىنى قەشقەردىكى پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەتلەر جەم بولىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئەركىن رىۋاجلاندۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇش پىلانلانغانىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ جايغا كۆچەت قويغان، كۆچەتنىڭ كۆپىنچىسى شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم دېگەندەك مېۋىلىك كۆچەتلەر ئىدى. ئەلۋەتتە يەنە باشقا تۈردىكى دەرەخلەرمۇ قويۇلۇپ، بۇ باغچا ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى بولغانىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مەدەنىي پائالىيەت، ئويۇن ئويناش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنلەرمۇ سېلىنغان، كېيىنچە بىر چايخانا سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خىلمۇ - خىل يېمەكلىكلەر تەييارلانغان. بۇ باغچا دەم ئېلىش كۈنلىرى كىشىلەرنىڭ تولا بارىدىغان جايىغا ئايلانغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىگە كىچىكرەك ھايۋانات باغچىسىمۇ ياسالغان. ھايۋانات باغچىسى قەشقەر شەھىرىدە كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر ئىش ئىدى. باغچا ئورنى 350 مو يەرنى ئىگىلىگەن. بىز بارغان چاغدا، باغچىدا باشقا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ھايۋانات باغچىسىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، سۇدا ئۈزۈش كۆلى ياساشنى، باغچا يول بويلىرىغا ئېخمۇ ياخشى ئورۇندۇقلارنى ئورنىتىشنى پىلانلاپتۇ. ئادەتتە، باغچىغا كىرگەن ھەر ئادەمدىن بەش پۇڭ ئالىدىكەن، بۇلتۇرقى ژىللىق كىرىمى 19 مىڭ يۈەن بوپتۇ. بۇ باغچىغا كىرگەنلەر قېتىم سانى بويىچە 500 مىڭ ئادەمگە يېتىپتۇ. كاتتا ھېيت - بايراملاردا، مەسىلەن، «1 - ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى، باللار بايرىمىدا بىلەت ئالمايدىكەن.

قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ناخشا، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغان، بىز دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان تار يولنى ۋە سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقلارنى بويلاپ، باغچىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن، سايىۋەن، ساپاق - ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدىن ئۆتتۇق، ئۇززۇن سوزۇلغان بۇ باراڭلىق مەيدانىغىچە بارىدىكەن. ئۇ يەردىمۇ مۇشۇنىڭدەك باراڭلىقتىن تۆرتى بار بولۇپ، قەشقەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ رەھبىرى بويى ئېگىز كەلگەن قەشقەرلىك ئادەم ئىدى، ئامما تۇرقىدىن تاتاردەك كۆرۈنەتتى. قالغان ئىككى رەھبەر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قاشلىق قىلىۋالغان، ناھايىتى سېمىز ئايال ئىدى - كېيىنچە ئۇنىڭ بۇلبۇل كەبى ئاۋازى بارلىقىنى بىلدۇق؛ يەنە بىرى قەشقەرلىك ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، زىلۋا بويلۇق ئىدى. مەن ئۇ ئايالنى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە كۆرگەنىدىم. مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا شىرە قويۇلغان، شىرەگە قوغۇن - تاۋۇز، ئەنجۈر ۋە ئۈزۈملەر تىزىلغانىدى. ئۇلار ئۈزۈم سورتىنىڭ 12 خىلغا يېتىدىغانلىقىنى ئىپتىخارلىق ھېسسىياتتا سۆزلەپ بېرىشتى. بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ باغچىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدۇق. ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن» دېگەن شوئارغا ئاساسەن قەشقەردىكى مۇزىكا پائالىيەتلىرىنى ياڭلىۋاشتىن تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلغان. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى، ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن. قېدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى 12 ئاساسىي كۈيلۈك مۇزىكا سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ كۈيلەر ئۇيغۇرچىدا مۇقام دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز. 12 مۇقام تەخمىنەن 170 دىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ھازىر ئۇلار پۈتۈن مۇقام نوتىلىرىنى رەتلەپ چىققانىكەن. مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ نوتىلارنى ئۆگىنىدىكەن. بىز تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاۋاتقان چېغىمىزدا، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئويۇننىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغانىكەن. بىز ھېلىقى ئۇززۇن كەتكەن باراڭ ئاستىغا كەلدۇق. كۆرسىتىلگەن كونسېرتلاردا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ناخشا ۋە ئۇسسۇللار كىرىشتۈرۈلگەندى. ئويۇن بىر يېرىم سائەت داۋاملاشتى. ھېلىقى سېمىز ناخشىچى ئايال رەئىس ماۋ زېدۇڭ ھەققىدە بىر ناخشا ئېيتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى يارغۇدەك جاراڭلىق ئىدى. ئۇلار ماڭا بۇ ناخشىچىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئايال ناخشىچى ئىكەنلىكىنى، يېنىمدا ئولتۇرغان بىرى ماڭا بۇ ناخشىچىنىڭ 46 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

- يېشى چوڭ بولغىنى بىلەن ناخشىنى مۇشۇنداق داق بەلەن ئوقۇيدۇ، بۇ موجىزە ئەمەسمۇ؟ - دېدى ئۇ. ئۇنىڭدىن بىباشقا يەنە ئىككى ناخشىچى ئوخشاشلا سېمىز ئىدى، ئامما ئاۋازى ئاجايىپ ياڭراق ئىدى. ئۇلاردىن بىرى تاجىكچە ناخشا ئېيتتى؛ يەنە بىرى قىرغىزچە ناخشا ئېيتتى. كونسېرت

(ئاخىرى 5 - بەتتە).

قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلمىي دەلىللەر

(ئاخىرى، بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئەندى، قۇرئاندا، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەقلەرنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرى ئەڭ ئادىل ۋە مۇكەممەل دەرىجىدە بېكىتىلگەنىكەنۇ، ئۇلارنى «ئىسلام دىنىنى تەدبىق قىلىدىغان مەملىكەتلەرمىز» دەپ سانايدىغان بەزى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى بۇ ھەقلەرنى ئىجرا قىلىشتا ۋە باشقىمۇ جەھەتلەردە نېمە ئۈچۈن ياۋروپالىقلاردىن ئارقىدا تۇرىدۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك شۈبھىسىزكى، ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرى ئىرقچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ھەممىسى «بىزنىڭ ئاساسلىق دەستۇرىمىز قۇرئان» دەپ داۋا قىلىشىدۇ. ئاما ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ؟ ھەيھات! كاشكى شۇنداق بولسا ئىدى. بۇلار قۇرئانغا ئەمەل قىلغان بولسا، قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرىنى تەدبىق قىلىشتا، «مومىنلەر ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر»نى «پۇخرالار ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر»غا، «مومىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ئارا كۆيۈمچاندۇر»نى «ئۆز ئارا قاتتىقتۇر، كۇففارلارغا كۆيۈمچاندۇر»غا، «سىلەر ئەگەر مومىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈككە ئېگە بولىسىلەر»نى «مىللەتچى بولساڭلار ئۈستۈنلۈككە ئېگە بولىسىلەر»گە ئۆزگەرتىپ ئىش كۆرمىگەن بولار ئىدى. سادداممۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى مۇجاھىد دەپ ئېلان قىلغان ۋە بايرىقىغا «ئاللاھۇ ئەكبەر»نى يېزىپ ئوتتۇرىغا چىققان. ساددامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسىز؟ ساددام ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولغان سان - ساناقسىز بىگۇناھ ئالىملارنى، زىيالىيلارنى، «تېرورىست» قالپىقى بىلەن قىرغىن قىلغان، ھەتتا سەبىيلەرنىڭمۇ خۇنىغا بوغولغان، بىگۇناھ كۇرت خەلقىنى خىمىيەۋى قوراللار بىلەن قەتلىئام قىلغان، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كاپىر ئاكىلىرىنىڭ دېيىشىگە ئۇسسۇل ئويناپ، بىگۇناھ ئىران خەلقىنى سەككىز يىل قىرغان، بۇرۇندا ئىسرائىل پەلەستىننى ئىستېلا قىلغىنىنىڭ سىرتىدا، لىۋان، مىسىر ۋە سۇرىيەنىڭ تۇپراقلىرىنى بېسىۋالغان ۋە ئەرەپلەرنى تەھدىت يوقىمىغان ۋاقىتلاردىمۇ بۇ دۈشمەنگە قارشى بىرەر يايى ئوق ئاتمىغان، كېيىنچە، بېشىغا كۈن كەلگەندە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئىسرائىلغا بىر قانچە باشقۇرۇلغۇچى بومبىنى ئېتىشى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى مەخسەت قىلغان، ئىسلام شۇئارىنى ئۆز ۋاقىتلىق مەنپەئەتى ئۈچۈن قالقان قىلماقچى بولغان مەككار، نەجىس ئادەمدۇر. مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنىڭ ھازىرقى ھاكىممۇتلەقلىرىمۇ، سادداملاردىن كوپ ياخشى ئەمەس. مەن مىسىردىمۇ ياشىدىم، ھازىرمۇ بىر ئەرەپ دۆلىتىدە تۇرۇۋاتىمەن. ئەھۋال يەنىلا بىر خىل.

ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرىنى ياۋروپا مەملىكەتلىرىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى نەدە ئىكەنلىكىنى ئۆزىدىن چۈشىنىمىز.

ئۇلاردا (ياۋروپا دۆلەتلىرىدە) ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋىتىگە ئىشىنىش روھى بولسا، بۇلاردا (ئىسلام مەملىكەتلىرىدە) ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋىتىدىن شۈبھىلىنىش روھى بار.

ئۇلاردا ئۆزى پىچىپ، ئۆزى تىكىش روھى بولسا، بۇلاردا باشقىلار پىچىپ بەرگەننى تىكىش روھى بار.

ئۇلاردا دېموكراتىيە بولسا، بۇلاردا دىكتاتۇرا بار.

ئۇلاردا ئەركىن سايلام، بۇلاردا ساختا سايلام ياكى تەخت مىراسخورلۇقى بار.

ئۇلاردا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش بولسا، بۇلاردا چوڭ ھاكىمىيەتلەرگە - ئاقسارايدا ئولتۇرۇپ ئىش باشقۇرىدىغان ھاكىممۇتلەققە بېقىنىش بار.

ئۇلاردا تىرىشچانلىق بولسا، بۇلاردا ھورۇنلۇق بار.

ئۇلاردا بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماسلىق روھى بولسا، بۇلاردا بۈگۈنكى ئىشنى كېلەركى يىلغا قويۇش پاسسىپلىقى بار.

ئۇلاردا ئىنتىزامچانلىق بولسا، بۇلاردا بىپەرۋالىق بار.

ئۇلاردا ئىنسانىيەتچىلىك بولسا، بۇلاردا تار مىللەتچىلىك بار.

ئۇلاردا ئىجات ۋە كەشىپ قىلىش روھى بولسا، بۇلاردا تەييارغا ھەييار بولۇش روھى بار.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بۇلار قانداقمۇ ئۇلارغا يېتەلىسۇن؟ قانداقمۇ ئارقىدا قالمىسۇن؟

يۇقىرقى سېلىشتۇرمىلارنى قارىسىڭىز بۇ ئىككى پەرقنىڭ بىر - بىرىگە ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى - گويا ياۋروپالىقلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى بۇ ئەخلاقىي دەستۇر قىلغان، مۇسۇلمانلار بولسا، تاش دەۋرىدە ياشاۋاتقاندەك كۆرىسىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىزدە ئىسلامنىڭ جەسىدى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ نامى قالغان، روھىنى كاپىرلار ياشاتماقتا، ئەجەبلىنەرلىك ھە...!

شەرق پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەر تۇغۇلغان جاي. شەرق ئىبرەتلىك دۇنيا. ھەر بىر ئىبرەت بىر ھېكمەتكە ھامىلدار. ئىبراق ئىبرەتلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن ساپ دىنىنىڭ روھىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ۋە ئۇنىڭ توغرا قانۇنىي ساۋاقلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە كۆرۈلدى.

دىنىمىزدىكى توغرا قانۇنىي ساۋاقلار بىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەكامۇللىشىش جەريانىدا كېتىپ بارغان بولسىمۇ، سۇبىستانسىيە (زات) نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئالتۇۋرۇن ۋايىغا يەتكەندى. ئىراق مۇسۇلمانلار، خۇسۇسەن ئەمىرلەر ئۆزلىرىنى خارلىقتىن ئەزىزلىككە، نامراتلىقتىن بايلىققا، ئاجىزلىقتىن كۈچ - قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرگەن مۇبارەك ئىسلام دىنىنىڭ قەدرىنى بىلمىدى. ھە دەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەسەبىيەتلىك جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىپ تۇردى. ئۆزلىرىنى ھورمەتلىك بىر مىللەت قاتارىغا كۆتۈرگەن ئۇلۇغۋار ۋەھىينىڭ روھىغا خىيانەت قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ھورمەت ۋە ئىززىتىنىڭ پەقەت ئىسلام سايىسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، ئىسلامدىن ئايرىلسا قالغان كۈنى بۇرۇنقى ۋەھشىلىككە قايتىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇشتى. نەتىجىدە، ھازىرقى بوھرانغا مۇپتىلا بولدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە ئەرەبلەر قىلىپ قويغان قوۋم كېيىن ئۆزى گىرىپتار بولغان قوتۇر كېسىلى ئاشۇ ئەرەبلەرنى سۈرتۈپ ساقايغاندەك، ئىسلامىيەتمۇ ئۆز دەۋرىدە دۇچ كەلگەن ۋە بۇ ئىللەتلەر ئۈچ پەيلى تارقان كوپلەتتىن ئەندىرىپ كېيىنكىلەرگە شىپا بولغۇچى مەلھەملەرنى ياساتتىدۇ. ئاما مۇسۇلمانلارنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن بۇ مەلھەملەرنى داۋا بولالمايدۇ. بەلكى دىنىنىڭ ئەسلىگە قايتىش - قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئەمەلىي رەۋىشتە تەدبىق قىلىش ئۇلارنىڭ كېسەللىرىگە داۋا، دەرتلىرىگە شىپا بولالايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «بۇ ئۈممەتنىڭ ھالى پەقەت بۇرۇنقىلىرىنىڭ ھالى تۈزەلگەن نەرسە (يەنى ئىسلام دىنى) بىلەنلا تۈزىلىدۇ» دېگەن.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىدىن ئۈمىتسىزلىنىشى توغرىمۇ؟ ئۈمىتسىزلىنىش خاتادۇر ھەمدە چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاللا بۇ دىننى تا قىيامەتكىچە چوقۇم ياشىتىدىغانلىقىغا ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە مۇسۇلمان بولغانلارنى دۇنيادا ئەزىز قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئاللانىڭ بۇ ۋەدىسى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن. تارىخىمىز بۇنىڭغا يېتەرلىك شاھىد بولالايدۇ. بىزمۇ ھېچ بولمىغاندا ساھابىلاردىن كېيىنكىلەردەك ھەقىقىي رەۋىشتە مۇسۇلمان بولۇپ كورەيلى قېنى، ئاللانىڭ ياردىمى، نۇسرىتى ۋە پۈتۈن ۋەدىلىرىنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىمىز ۋە كورىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ دىننى ئۆزى بىلەن قوشقاندا ئاران 4 كىشى بىلەن باشلىغاندى. ھەتتا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە تۇرغىنىدا مۇشرىك ئەرەپلەر ئۇنىڭ بېشىغا بىر توگىنىڭ ئىچەقبىرنىلىرىنى ئارتىپ قويۇپ تاماشە كورگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن بۇ نىجىسلىقنى ئېلىۋېتىشقا ئۇنىڭ قىزىدىن باشقا ھېچ بىر مۇسۇلمان جۈرئەت قىلالمىغاندى. دېمەككى، مۇسۇلمانلار شۇ دەۋرلەردە شۇنچىلىك كۈچسىز ۋە زەئىپ ھەم نامرات ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇزۇن ئوتمەيلا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى بويسۇندۇرغانىنىڭ سىرتىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇقلاردىن رۇم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقلىرىنى تار - مار قىلغانلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇۋۋەت نەدىن كەلگەن؟ تەبىيكى، ئاللادىن كەلگەن! ئاللا شۇنداق چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى، ئۇنىڭغا يولىنىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋۈرەكتىن ئىشىنىپ ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل ۋۈرگەن كىشىنى ھېچ ۋاقىتتا ئۈمىتسىز قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭ غەلىبىلىرىگە ئۆزى بىۋاستە كېپىللىك قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئەينە شۇنداق ئەمەل قىلغان ۋە ئاللانىڭ تۈگىمەس ياردىمىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ئۈلگىلىك كىشىلىرىمىزدۇر.

ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھازىرقى بۇ ھالىغا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەپ بولغانمۇ؟ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولالمىغانلىقى سەۋەپ بولغان. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىدىن ئىسلام دىنى بىزاردۇر، ئەلۋەتتە.

بۇ ئەھۋالدا، سىز ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن نېمىنى كۈتىسىز؟ ھازىر بۇ مەملىكەتلەرنى مۇسۇلمانلىقتا بىزگە ئۈلگە بولىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ئەگەر بۇلار مۇسۇلمانلىقتا ئۈلگىلىك مەملىكەتلەر بولغان بولسا ھالىمىز بۇگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق كۈنگە قالماس ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچىنچى قىبلىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بوشۇكى بولغان مەسجىدى ئەقسامۇ يەھۇدىلارنىڭ قولىدا، ئىسلام دىيارىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئەزىز ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرلار دىيارىمۇ نىجىس خىتايلارنىڭ قولىدا قالماس ئىدى. چۈنكى ھەقىقىي «ئىسلام دولىتى» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە قۇرغان ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىمۇ ھوكۈم سۈرگەندەك، دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەتىنى كوزلەيدىغان، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، مىللەت، ئىرىق ئايرىمايدىغان ۋە ھەممىسىگە بىردەك ھامىي بولالايدىغان بولىدۇ.

تارىخلاردىن مەلۇمكى، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە، بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ قۇستىنتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل) دىكى بىزانس ئىمپېراتورلىقىنىڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلىق خەۋىرى كەلگەن ھامان، خەلىپە ئۆمەر ئىمپېراتورغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازىدۇ: «ئايالنى ھازىرلا قويۇۋەت! ئەگەر شۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، ساڭا شۇنداق بىر قوشۇن ئەۋەتىمەنكى، ئۇنىڭ بېشى سېنىڭدە، ئاخىرى مېنىڭدە بولىدۇ»، بۇ تەھدىتتىن چۆچۈگەن بىزانس ئىمپېراتورى ئايالنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئۇنى مەخسۇس قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا خەلىپە ئۆمەرگە تاپشۇرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن جۈرئەت ھە! شۇ ۋاقىتتىكى بىزانس ئىمپېراتورلىقى ھازىرقى ئىسلام دولەتلىرىنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان زوراۋان دولەتلەردەك كۈچلۈك ئىدى. ئاما گەپ ماددىي كۈچ - قۇۋۋەتتە ئەمەس، بەلكى ئىمانىي قۇۋۋەتتە. ماددىي قۇۋۋەتمۇ ئىماننىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر كىمنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتتىن بولغان نېسىۋىسى ئۇنىڭ ئىماندىن بولغان نېسىۋىسىگە قاراپ بولىدۇ. بىز مۇسۇلمانلاردا ئىمان ئاجىز بولغانلىقتىن، جۈرئەتمۇ كام، ھەتتا يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەلەستىن مەسىلىسى يېرىم ئەسىردىن بېرى ھەل بولغىنى يوق. چۈنكى بۇ مەسىلە جۈرئەتنى ئەمەس، بەلكى پۇل - مال ۋە جان كەتمەيدىغان سۇئىي داۋالارنى، قۇرۇق مۇنازىرىلەرنى دو تىكىش بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز باشقىلاردىن كۈتكەننىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنىڭ كېلەچىكىنى ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. قولىمىزدا ئۆلمەس دەستۇرىمىز - قۇرئان بىلەن ھەدىس بار. بۇلارنى تەدبىق قىلىدىغانلار مەن، سىز ۋە ئۇ. ئەڭ ئاۋال بىز ئۆچمەس دىنىمىزنىڭ چىن روھىنى ئۆزىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنى دۇنيادا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئانداق، مۇسۇلمانلار مۇنداق، دەپ ئاغرىنىشنىڭ ئورنىغا، مەن بىلەن سىز توغرىسىنى قىلايلى! چۈنكى «مۇسۇلمان» دېگەن سوز بىزنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟!

غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز

تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە كەلگەن دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ئاۋالقى ئەسىرلەردىكى پىرئەۋنلەر، نائىپلونلار، ھۇنلار، ئاندىن يۇنانلىقلار، ئۇلاردىن كېيىن رۇملۇقلار بەرپا قىلغان بولسا، ئىككىنچى قەۋىتىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ياراتقان، ئۈچىنچى قەۋىتىنى بولسا، ھازىرقى ياۋروپالىقلار ياراتقان بولدى.

بىز مۇسۇلمانلار بۇ مەدەنىيەتلەرگە يات ئەمەسمىز، بەلكى بىزمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ساھىبلىرى ۋە ئۇنى ياراتقۇچىلارمىز. ئاما بىز بىر قانچە ئەسىردىن بېرى، ئۆز ئارىمىزدىكى بولۇنۇشتىن باشقا ھېچ قانداق ئەھمىيىتى بولمىغان فىقھىي تالاشلار، سۇفىزملىق تەرغىباتى بىلەن تەركىي دۇنيا بولۇۋېلىش ۋە ئىلمىي كالام(ئەقىدىنى پەلسەپىلەشتۈرۈش ئىلمى) دىن ئىبارەت بىھۇدىلىك بىلەن مەشغۇل بولۇش سەۋەبى بىلەن مەدەنىيەت يارىتىش ۋە پەن تېخنىكىغا قاراپ يول ئېلىش دەۋرىمىزنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ غەپلەت ئىچىدە ئۇخلىدۇق. بىز بۇ قىلمىشىمىز بىلەن دىنىمىزغىمۇ ئاسىيلىق قىلغان بولدۇق. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز پەن، مەدەنىيەت يارىتىشنى نورمال ئىبادەت دەپ ھېساپلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىسلام پەرزلىرىدىن ساناتتى. شۇڭىمۇ قۇرئاندا، مۇسۇلمانلارنى كائىناتنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئەقىل كوزى بىلەن نەزەر قىلىپ، ئۇنىڭ سىرلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كوپتۇر. «ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟».

(ئەئىراف سۈرىسى 185 - ئايەت).

كارۋانلار سىپى ئىلگىرىلەپ بىزدىن خېلە ئۆزىراپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە كوزىمىزنى ئېچىپ، بېشىمىزنى ئېگىز كوتىرىپ قارىغىنىمىزنى كوردۇق. ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى بىزگە ناتونۇش ۋە غەلىتە ھېس قىلىنىغانلىقىدىن، بۇ مەدەنىيەت ئالدىدا بىز مۇسۇلمانلار ئىككى پىرقىغا بولۇندۇق: بىرى، ھازىرقى مەدەنىيەتلەرنى ئايرىماستىن، ياخشى - يامىنىنى پەرىقلەندۈرمەستىن ھەممىنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، يەنە بىرى، ئۆزلىرىنىڭ جاھىللىقى ۋە تەئەسسۇبلىقىدىكى قاتماللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھېچ بىر يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغانلار بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتالاشقان، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى مەدەنىيەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى شۇكى، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىلىم - سېتىم مۇئامىلىلىرى ۋە باشقىلار قاتارلىق دىنىمىزدا ئۆزگەرمەس قىلىپ بېكىتىلگەن قانۇن - پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش، بۇلاردىن باشقا دىنىي ۋە مەنىۋىيىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان ھەر قانداق مەدەنىيەت ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىش كېرەك.

ھازىرقى كۈندە ئەڭ پېقىر كىشىلەرنىڭ ھالىمۇ، ئوتمۇشتىكى ئىسلام خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن ھارۇن رەشىدنىڭ ھالىدىن ياشى ۋە ئەۋزەلدۇر. بىر كۈنى ئابدۇلمەلىكنىڭ چىشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، ئۇنى زاماسكلاپ ساقايتىدىغان، ياكى ئاغرىق پەسەيتىدىغان ئىلىم - پەننىڭ شۇ ۋاقىتتا بولمىغانلىقىدىن، ئابدۇلمەلىك ئۈچ قېتىم كەماكىمۇتلەق بولۇپ تۇرۇپ شۇنچىلىك كوپ قىينالغان ئىكەن. ھازىر ئەڭ پېقىر كىشىمۇ چىشى ئاغرىسا دوختۇرغا بېرىپ، ئۇنى زاماسكا قىلدۇرۇش ئارقىلىق چىشىنى ساقايتالايدۇ. ھارۇن رەشىدنىڭ ئۈچىيى زەخمىلەنگەنلىكتىن قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ ئۇنىڭغا ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى بولمىغانلىقتىن كوپ قىينالغان ئىكەن. ھازىر ئەڭ پېقىر بىرىمۇ ئاغرىق توختىتىش دورىسى ياكى ئوكۇلى ئالالايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى توختىتالايدۇ. ھارۇن رەشىد باغداتتىن مەككىگە كېلىش ئۈچۈن ئۇلاق بىلەن ئىككى ئاي يول ۋۈرگەن ئىكەن. ھازىر ھەر قانداق كىشى بۇ مۇساپىنى ئايروپىلان بىلەن ئىككى سائەتتىلا بېسىپ بولالايدۇ.

ئاللا تائالا ئاتا قىلغان پەن تېخنىكىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتۇر، ئەلۋەتتە.

مۇھەممەد يۈسۈپ.

جىددە، ئەرەبستان.

مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات

(ئاخىرى، بېشى 3 - بەتتە)

مەزمۇنى ناھايىتى ئاددىي، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى ماۋ زېدۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھېلقى قىرغىزچە ناخشىنىڭ تېمىسى «سائىقا ماۋ جۇشىنىڭ سوزىنى مەڭگۈ ئاڭلايمىز» ئىدى. يەنە بىر ناخشىنىڭ تېكىستى سىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت مەزمۇندا ئىدى. ھەقىقىي ئۇيغۇر ناخشىسى دەپ قارىلىدىغان ناخشىنى بىر ھەرسىمۇ يوق ئىدى. تورت نەپەر ياش ئۇيغۇر قىزى ئۇسسۇلنى ناھايىتى چىرايلىق ئوينىدى. مېنىڭچە، ئۇلار تېخىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئاز ساقلىق سىللەتلەر مەدەنىيىتىگە قويۇلغان چەكلىمىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىنى ماۋ زېدۇڭغا باغلىۋالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

بىز كەچتە مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ كۈندۈزدە كۆرگەن ئويۇنلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلدۇق. ماڭا: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرىنى بىردەك ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن داستانلارنى ئورۇنلىغانلىقىنى، خەلق ناخشىلىرىنى ئويلىغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سوزلەپ بەردى. بىراق، ئۇلار ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ قايتىدىن خەلق ئارىسىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىشىدىكەن. ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۈستىدە، شۇنداقلا قەشقەردىكى ئالتە يىل كىنو قويۇلمىغانلىقى، لېكىن ئەمدىلىكتە ئەھۋالنىڭ كوپ ياخشىلانغانلىقى، كىنو - تياتىرخانىلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن قويغان كىنو فىلملىرىنى قويۇۋاتقانلىقى، ھەتتا چەت ئەلنىڭ كىنو فىلملىرىنىمۇ قويۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختالدى. مەن بۇ فىلملارنىڭ قايسى دولەتنىڭ كىنو فىلملىرى ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇلار ماڭا ۋېنگرىيە، رومىنىيە ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭ فىلملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئوتۇپ بىر كۈنى ئاخشىمى، ئۇلار مەن ئۈچۈن بىر قېتىم كىنو قويۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەن بىردىن - بىر چەت ئەللىك بولغىنىم ئۈچۈن، بەختكە يارىشا ئۇنى كورۇشكە تەكلىپ قىلىنغانىدىم. ئۇ يەردە ھەممە يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭمۇ كىنو كورگىلى كەلگەنلىكىگە زەن قويدۇم. دەسلىپىدە شاڭخەيدىكى بىر تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا ئائىت مەزمۇندىكى ئىلمىي فىلىم قويۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ئىشلەنگەن بىر ھېكايە فىلىمى قويۇلدى. ئۇ 90 مىنۇتلۇق فىلىم بولۇپ، ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىق كورسىتىشى ھەققىدە ئىدى. فىلىمدە ياپونلار ناھايىتى رەھىمسىز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانغان بۇ چاغدا ئۇنى قويۇش تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. جەڭدە ياپونلار ھەممىسى دېگۈدەك غەرق بولۇپ كەتتى.

قەشقەر ناخشا - ئۇسسۇل ئومىكى بىر كۈنى ئاخشىمى ماڭا ئاتاپ مېھمانخانىدا بىر قېتىم ئويۇن قويۇپ بەردى. ئۇلار ئوتكەن قېتىم قويغان ئويۇندا ماۋ زېدۇڭنى مەدھىيىلەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ بەك كوپ، ئەكسىچە ئۇيغۇرلارغا خاس سەنئەتنىڭ بەك ئاز بولۇپ قالغانلىقىغا قەشقەردىكى ئارتىسلار ئېتىبار بەرگەن بولسا كېرەك، بۇ قېتىمقى ئويۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى خېلى كوپ ئورۇن ئالدى. ئۇلار ئوپېرادىن بىر پارچە ئورۇنلاپ بەردى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇلى بار ئىدى. ئويۇنلار ئىچىدە ئاشىقلار ھەققىدىكى بىر قىسىم ناخشىلار خېلى تەسىرلىك ئىدى. ئۇلار مۇقام ئورۇنلاپ بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە مەنسۇپ بولغان تىل ۋە ئاھاڭ مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ناخشا ئېيتتى. بۇ قېتىمقى ئويۇن ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ ئاخشا - ئۇسسۇل ئومىكى ئەگەر چەت ئەللەرگە بېرىپ ئويۇن قويسا، چەت ئەللىكلەر (غەربىي دېمەكچى) - خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغانچىلىك (غا ئېلىپ بېرىپ) ئويۇن قويىدىغان بولسا، ئۇتۇق قازىنىشى مۇمكىن.

1978 - يىل.

ئاناتومىيە قىلىش ئارزۇسى

(ھېكايە)

ج. لى، خۇرتۇس، ئامېرىكا يازغۇچىسى.

خانلېرنىڭ تېرىسىنى دۈشمەنلەر سويۇۋالغاندى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنراق بىللە تۇرۇشنى ھېچ كىم خالىماتتى، ئەلۋەتتە، بېمارنى كۈتۈش مەسئۇلىيىتى بولغاچقىلا، سېستىرا ئۇنىڭ يېنىغا ئامالسىز پات - پات كىرىپ تۇراتتى، بەزىدە دوختۇرمۇ كىرىپ قالاتتى. باشقا بېمارلار، ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىمۇ ئۇنىڭغا قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى، نېرۋا تالالىرى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ قالغان، تۇرغان تۇرقى بىر دۈۋە گوش ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بەك ئارتۇقچە دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدىغان كۈچلۈك بىر ئارزۇسى بار - بىرەرسىنىڭ ئىلكىگە ئوتۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ دائىم تېرىسى سويۇۋېلىنغان پۇتلىرىنى ئەستە يوتكەپ، كورىدور ئىچىدە نېرى - بېرى مېڭىپ ژۈرەتتى، ھەر بىر دەسسىگەن يېرىدە قان ئىزى قالاتتى. ئۇ ئوزىنى سويىدىغان ئادەم ئىزدەۋاتاتتى.

- سىز بۇ يەردە نېرى - بېرى ماڭسىڭىز بولمايدۇ، - دېدى سېستىرا، ئارقىدىن تېخىمۇ يېقىملىق ئاۋازدا قوشۇمچە قىلدى، - پولنى پاسكىنا قىلىۋەتتىڭىز، خانلېر.

- مەن بىرەرسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى، - دېدى ئۇ، - مەنمۇ ئادەم، سىزگە ئوخشاشلا ئادەم.

لېكىن خانلېرغا مەلۇم، سېستىرا ئۇنىڭغا ئوخشىماتتى، ھەممە ئادەم بۇ قىزنى «پەرىشتە» دەپ ئاتاتتى.

- سىز بولۇپ قالغان بولسىڭىزچۇ، - دېدى خانلېر.

سېستىرا قان توختىتىدىغان دورا بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنى سۇرتۇۋاتاتتى. بۇ بىر يېڭى باياقاش ئىدى. خانلېر مۇشۇ دورىنىڭ خاسىيىتى بىلەن مېڭىپ ژۈرەلەيتتى. بۇمۇ ئۇرۇشنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن دورا بىلەن داۋالاش موجىزىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

- مەن بۇ تاللاشتىن قېلىپ قالغان، - دېدى سېستىرا، - مەن سىزدەك «بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغان»لاردىن ئەمەس.

- ياق، - دېدى خانلېر، - مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ئوز ئىلكىڭىزگە ئالمايسىز؟ مېنىڭمۇ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىم بار.

سېستىرا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بارماق ۋە تاپانلىرىنى سۇرتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ كەپلىرى ئۈستىدە ئويلاندى.

- مېنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىم يوق، - دېدى سېستىرا، - ياكى بىرلا ئارزۇيۇم بار دېسەممۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇمۇ ئوخشاش كەپ.

خانلېر قىزنىڭ ئوماق يۈزىگە قارىدى. قىز چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن پاكلىق، ئالىيجاناپلىق چىقىپ تۇراتتى.

- بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟

- مەن قاچان شۇنداق قىلىشىم كېرەك دەپ قارىسام، شۇ چاغدا مۇمكىن بولىدۇ.

* * *

دۈشمەنلەر خانلېرنى مەخسەتلىك تاللىغان ئەمەس، خانلېر ئوكوپتا تازا قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا تۇتۇۋالغان. دۈشمەنلەر تورت كىشىلىك زەربە بېرىش گۇرۇپپىسى ئىدى. بىر - بىرىدىن قورقۇنچاق نېمىلەر بولسىمۇ، بۇيرۇققا بويسۇنماي ئامالى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، دۈشمەن تەرەپنىڭ بىرەر ئادىمىنى تۇتۇپ كېلىپ، «پايلاقچى»لارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى كورسىتىپ قويماقچىدى. ئۇلار خانلېرنى باغلاپ، ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقتا ژۇگۇرتۇپ، گېنېرالنىڭ چېدىرىغا ئېلىپ كەلدى. گېنېرال مۇھاپىزەتچىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى، چۈنكى ئۇ خانلېرنى تولىمۇ ياخشى كورەتتى. ئۇ خانلېرنى باغلاقتىن يەشتى، ئاندىن خانلېرنى ئاستا - ئاستا، تولىمۇ ئەدەپ بىلەن كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇرغان چىراققا قاراتتى، ئۇنىڭغا كوز ئۇزمەي قاراپ كەتتى. ئۇ خانلېرنىڭ پېشانىسىگە، مەڭزىگە، ئاخىرىدا لەۋلىرىگە سويدى، كوزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، خانلېرنىڭ كوزلىرىدە ئوز ئەكسىنىڭ ئوزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كورگەندەكلا بولدى قىلدى. ئۇ بېگىز بارمىقىنى چىقىرىپ خانلېرنىڭ قاشلىرىنى سىلىدى. «نېمىدېگەن قاملاشقان چىراي» دېدى ئوز ئىچىدە. ئۇ ئالقىنىنى خانلېرنىڭ بېشىغا، مەڭزىگە، ئېڭىكىگە قويدى، چىمچىلاق بارمىقى بىلەن خانلېرنىڭ لەۋلىرىنىڭ، كوزلىرىنىڭ ۋە كوزلىرى ئەتراپىدىكى قورۇقلارنىڭ شەكلىنى سىزدى، يەنە ئېڭىكىمۇ بار، خۇددى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ژۈرەك قېتىغا خاتىرىلەۋالماقچى بولغاندەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، گېنېرال خانلېرنىڭ يۈزىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن بىر قۇر سىلاپ چىقتى. ئاندىن ئۇنىڭ پەس تەرەپلىرى بىلەنمۇ بىر قۇر ئېتىشىپ چىقتى. ئۇ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا، خانلېرنى «تېرە سويۇش تۇۋرۇكى»گە باغلايدىغان ۋاقىتمۇ توشتى.

- بۇ ژىگىت مېنىڭ بالامدەكلا ئىكەن، - دېدى گېنېرال پىچاق تۇتۇپ تۇرغان ئەسكەرلەرگە، - شۇڭا، «ئۇ يەر» ۋە «بۇ يەر»نىڭ تېرىسى قېلىپ قالسۇن.

تېرە سويۇش تۇۋرۇكى سىم توسۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغاندى. بىر نەچچە مېتىر نېرىدا ژۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ياڭراپ تۇراتتى. كانايدا بۇگۈنكى خەۋەر ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى: «بىزنىڭ ئارىمىزغا سوقۇنۇپ كىرمەكچى بولغان دۈشمەنلەر مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ! ھېچ كىممۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!» شۇنىڭدىن كېيىن جاللات خانلېرنىڭ تېرىسىنى سويۇشقا باشلىدى. گېنېرالنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، يۈز ۋە جان يېرىنىڭ تېرىسىگە تەگمىدى. ئۇلار ھۈنىرى كامالەتكە يەتكەن «مۇتەخەسسىس»لەر ئىدى. خانلېرنىڭ تېرىسى تېزلا سويۇلۇپ بولىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، باش تېرىسى يوق بۇ تېرىنى سىم توسۇققا ئېسىپ قويدى. خانلېرنى ئوزى ئولسۇن دەپ شۇ يەرگىلا تاشلاپ كەتتى.

قانداق بولدى، ۋاقىت چۈشتىن قايرىلغاندا، دۈشمەن ئويۇقسىز چېكىندى. خانلېر قۇتۇلۇپ قالدى.

خانلېر ئۇرۇش مەيدانى داۋالاش ئوترىتىگە ئېلىپ كېلىنىپ جىددىي قۇتقۇزۇلدى، خەتەردىن ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن دالا ئارمىيەسى دوختۇرخانىسىغا يوتكەلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەردە ئەڭ بولمىغاندا «پەرىشتە»نىڭ كۈتۈشىگە ئېرىشەلەيدىكەن.

خېلە ئۇزۇن ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن «پەرىشتە» ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى - ئۇنى سويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

- مېنى سويۇشلا ئەمەس، يەنە ئوز ئىلكىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك، - دېدى خانلېر.

- بۇ ئىشقا كەلگەندە ھېچ قانداق ئادەم ئالدىراپ بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، - دېدى سېستىرا، - ھەر ئادەمنىڭ ئوزىگە خاس مىجەز - خۇلقى بولىدۇ. مېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشىڭىز كېرەك.

- ھەممە ئادەم سىزنى پەرىشتە دېيىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، سېستىرا بىلەن خانلېر قان داغلىرى بىلەن بۇلغانغان كارىۋاتقا چىقتى. خانلېر زىلۋا قامەتلىك بۇ قىزنى باغرىغا باسقاندا، ئوزىدە ئاجايىپ ھۇزۇر ھېس قىلدى. ئۇ قىزنى سويدى، سىلىدى، ئوزىنى ياش، «بېجىرىم» ھېس قىلدى، خوتۇن - بالىلىرىنى ئۇنتۇدى، ئوزىنىڭ تېرىسىنىمۇ ئۇنتۇدى.

«پەرىشتە» ئوزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. سىز بەك كېلىشكەن ژىگىت ئىكەنسىز، ماڭا چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭىز، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى، خانلېر ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئۇسۇلدا سىلىدى. يەنە خانلېرغا، سىز مېنىڭ ھاياتىم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن پېشانەمگە يېزىلغان سويگىنىم، دېدى. خانلېر كېچىلىرى ئويغىنىپ «پەرىشتە»گە بەدىنىدىن تەپچىرەپ چىققان قانلارنى توختاتقۇزىۋاتقاندا، قىز، مەن سىزگە موھتاج، سىز بولمىسىڭىز ياشىيالمايمەن، دەپ شىۋىرلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر مەزگىل بىللە ياشىدى.

* * *

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. ئىشغالىيەتچى ئارمىيە گېنېرالنى پايتەختنىڭ شەھەر باشلىقلىقىغا سايلىدى. ئۇ پارلامېنت سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئوزىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى بىلىپ قېلىپ ئېنىقلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ خەلق ئارا قىزىل كىرېست جەمىيىتى ئارقىلىق خانلېرغا بىر پارچە خەت يازدى.

«سەن مېنىڭ بالام بولۇشقا تېگىشلىك ژىگىت ئىدىڭ، - دېدى ئۇ خېتىدە، - بىزنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئامالسىزلىقتىن بولغان، بولمىسا بىزنىڭ ئۇنداق رەھىمسىزلىك، زوراۋانلىق قىلغۇمىز يوق ئىدى. مەن پەقەت ئوزەمنىڭ مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم».

* * *

- مەن سىزنى سويىمەن، سىزنىڭمۇ چوڭقۇر سويۇشىڭىزگە ئېرىشتىم، - دېدى خانلېر، - لېكىن نېمىشقىدۇر يەنىلا بىر نەرسە يېتىشمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

«پەرىشتە» ئۇنىڭ كوكرەك ۋە قوساقلىرىغا قان توختىتىش دورىسى سۇركەۋاتاتتى.

- ئادەمنىڭ بەزىدە ھېچ قانداق ئىشتىن رازى بولمايدىغان چاغلىرى بولىدۇ، - دېدى قىز.

- مەن باشقىلارغا مۇھەببەت قويدۇم، لېكىن ئوزەم مۇھەببەتنىڭ ئىلكىگە ئوتەلمىدىم، - دېدى خانلېر، - مەن باشقا بىرىنىڭ ئىلكىدە پۈتۈنلەي ئوتۇپ كېتىشنى، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن بۇ تۇيغۇنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەنەلىدىڭىزمۇ؟

- سىز باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئوتمەكچى؟

- دېدى قىز.

- مېنىڭ سىزنىڭ بەدىنىڭىزنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغۇم بار.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى كارىۋاتقا چىقىپ بىر پەس مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ ياتتى. لېكىن ئىش تۈگىگەندىن كېيىن خانلېر:

- يەنىلا قانائەت ھېس قىلمىدىم، بۇ پەقەت مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە سىمۋوللا بولالايدۇ، - دېدى.

* * *

گېنېرال پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى، يەنە كېلىپ، يادرو قوراللىرى بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ لىدېرى بولدى. لېكىن بۇمۇ يەنىلا ئۇنىڭ چىرايىغا چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئۇيقا ئەمەس ئىدى.

ئۇ خانلېرغا يەنە خەت يازدى: «كېچىلىرى ئويغانسام سېنىڭ چىرايىڭ كوز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ، بېشىڭغا ئالقىنىمنى يېقىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن، ئەپسىلىرىڭنى سېزىمەن، مەن بەزى ئىشلارنى ئامالسىزلىقتىن قىلغان. ئەسلىدە سەن ئوغلۇم بولۇشقا لايىق ژىگىت ئىدىڭ».

* * *

- ئوزەمنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئەندى بىلدىم، - دېدى خانلېر.

- قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا، ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەن، - دېدى پەرىشتە.

- مەن سىزنىڭ تېرىڭىزگە ئېرىشمەكچى.

«پەرىشتە» ئاق رەڭلىك ئۇزۇنچاق ئۇستەلدە ياتتى. خانلېر پىچاقنى تېرە ئۈستىدە سۇركەندە، «پەرىشتە»نىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. خانلېر قىزنىڭ مۇرىسىدىن كېسىپ، ئىككى بىلىكىنىڭ تېرىسىنى پەسكە سىيىردى، ئاندىن قوساقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن پىچاق سۈرۈپ، يانپاش، پۇت ۋە بارماقلارنىڭ تېرىلىرىنى سىيىرىۋالدى. بۇنىڭغا ئوزى ئويلىغاندىن كوپ ۋاقىت كەتتى. مۇزدەك پىچاق تېرىنى سىيرىپ ماڭغاندا، «پەرىشتە» جالاقلاپ تىترەتتى، قىپقىزىل قانلارنى كورۇپ ئوكۇپ ژىغلاتتى. لېكىن خانلېر ئۇنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان بەدىنىدىن تېرىنى ئاجرىتىپ بولغاندا، «پەرىشتە»نىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك، ھەتتا رازىمەنلىك ئىپادىسى پەيدا بولدى.

خانلېر ئۇنىڭ يۈز ۋە ئۇياتلىق يېرىنىڭ تېرىسىگە تەگمىدى.

خانلېر سويۇۋالغان تېرىنى سىرتقا ئاچىقىپ يېيىپ قويدى، ئاندىن قىزنىڭ مۇسكۇل ۋە نېرۋا تالالىرى ئېچىلىپ قالغان بەدىنىگە قان توختىتىش دورىسىنى ئېھتىيات بىلەن سۈركىدى. ئۇ توختىماي بىر نېمىلەرنى دەتتى، قىزغا مۇھەببىتىنى، مىننەتدارلىقىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلاتتى. «پەرىشتە» ئۈن - تىنسىز كۈلۈمسىرەپلا ياتاتتى.

* * *

گېنېرال خانلېرغا ئاخىرقى بىر پارچە خەتنى يازدى: «مېنىڭ ئەندى چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى، سەن مېنى ئىلكىڭگە ئېلىۋالغىن».

* * *

خانلېر «پەرىشتە»نىڭ تېرىسىنى كىيدى، جان يېرى قىزنىڭ ئۇياتلىق يېرىدىن قالغان تۇشۇككە دەللا كەلدى، قىلچە چاتىمىدى، بويىنىدىكى ئۇلاقمۇ سېزىلمىدى. ئۇ كورىدوردا نېرى - بېرى مېڭىپ باقتى، ئۇنىڭچە قېتىم قان ئىزى كورۇنمىدى. ئۇ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئوزىگە ھەۋەس بىلەن قارىدى، كوكرەك، قوساق ۋە يوتىلىرىنى سىلاپ باقتى، قولىغا قان ژۇقمىدى.

- رەھمەت سىزگە، - دېدى ئۇ «پەرىشتە»گە، - مېنىڭ ژۈرەك ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى، سىزنىڭ بەدىنىڭىز ئىچىگە كىردىم، سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە ئوتتۇم.

كەچتە ئۇ «پەرىشتە»نىڭ پېشانىسىگە، مەڭزىگە، ئاخىرىدا لەۋلىرىگە سويدى، قىزنىڭ كوزلىرىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارىدى، بېگىز بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ قاشلىرىنى سىلىدى. «نېمىدېگەن قاملاشقان چىراي» دېدى ئۇ. ئالقىنىنى قىزنىڭ بېشىغا، مەڭزىگە، ئېڭىكىگە قويدى، چىمچىلاق بارمىقى بىلەن لەۋلىرىنىڭ شەكلىنى سىزدى ھەممە ئۇنى ژۈرەك قېتىغا خاتىرىلەۋالدى.

لېكىن كېيىن دەل مۇشۇ مۇھەببەتكە ئېرىشكەن خانلېر - باشقىلارنى ئىلكىگە ئېلىش ھەم باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئوتۇشكە ئالدىراپ كەتكەن خانلېر «پەرىشتە»نىڭ مۇھەببەت بىلەن تولغان زەڭگەر كوزلىرىگە قارىغاندا، دۇنيادا ئىلكىگە ئېلىش دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئارزۇلا بولىدىغانلىقىنى كورۇپ يەتتى، ئۇ ئوز بەدىنىگە يېپىشماي تۇرغان تېرىنى ژىرتىپ، ئوكسۇپ - ئوكسۇپ ژىغلىۋەتتى.

● تارىختىن ئۇچۇر

ئۇيغۇرستاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى

(داۋامى، بېشى ئوتكەن ساندا)

ياپونىيەلىكلەرنىڭ ئەكەتكەنلىرىنىمۇ ئوتانىنىڭ داچىسىدا ساقلاۋاتاتتى. بىراق ئۇ كىشى ئىختىسادىي چۇشكۇنلۇككە چۇشۇپ داچىنى ساتقاندا ئۇ نەرسىلەر شۇ جايلاردا يوقاپ كېتىدۇ. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارقىمۇ - ئارقىدىن ئۇيغۇرستانغا كېلىپ بەس - بەستە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئەكەتكەن ۋۇقارقىدەك ماددىي ئاسارە - ئەتىقىلەر نەچچە مىڭ ژىللاردىن بۇيان ھەر خىل ئۇرۇش ئاپەتلىرى، سۇ ئاپەتلىرى، يەر تەۋرەش، بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا ئۇچرايمۇ بۇ يادىكارلىقلار ئامان قالغان ئىدى. مانا ئەندى ئۇلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۇپەيلى پۇتۇنلەي يوقالدى. خۇددى ئۇيغۇرلار: «ئوپى يوقنىڭ جېنى يوق» - دېگەندەك ئوزىنىڭ ۋەتىنىگە ئېگە بولۇش ھوقۇقى چەكلىنىۋاتقان بۇگۇنكى ئۇيغۇرستاندا مۇستەملىكىچى ختاي شوۋىنىستلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كىندىك قېنى توكۇلگەن ۋەتىنىدە ئىنسانىي ھوقۇقىنى خورلاش بىلەن تەڭ ئۇلار ياراتقان قەدىمىي مەدەنىيەتنى يوقۇتۇشقا ئورۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئوز تارىخىنى يېزىشقا چەك قويۇۋاتىدۇ. ختايلار بولسا يالغان ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىپ بۇرمىلاۋاتىدۇ.

ماركس: «كىشىلەر ئوزىنىڭ تارىخىنى ئوزى يارىتىدۇ، لېكىن ئۇلار بۇنى ئوزى خالىغانچە ۋە ئوزلىرى تاللىۋالغان شارائىتتا ئەمەس، بەلكى بىۋاستە دۇچ كەلگەن، تەييار تۇرغان ۋە ئوتمۇشتىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان شارائىتتا يارىتىدۇ» دەيدۇ.

دېمەك ئىنسانلار جەمئىيتى پەقەت تارىخىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىلا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە يۇكسىلىدۇ.

مونۇ فاكتلارغا دىققەت قىلايلى: 1980 - ژىلدىن 1982 - ژىلغىچە يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ دەۋرىنى بىردەك يېڭى تاش قۇرال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە، ياكى تاش قۇراللار بىلەن مىس قۇراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە توغرا كېلىدۇ - دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان ئىدى. ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىمۇ بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىدى. ئامما بىر قانچە ژىللاردىن بېرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرستاندىكى رەڭلىك قاچىلارنىڭ دەۋرى كام كورسىتىلىۋاتىدۇ. سەۋەبى «خاتا بولۇپ قاپتۇ» دەپ باشقىدىن قاراشقا ئورۇنۇپ مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ژىل دەۋرىنى ئوزگەرتىۋاتىدۇ. مەسىلەن: يېڭى تاش قۇرال دەۋرىدىكى بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى شاڭخەي، نەنجىن، بېجىن شەھەرلىرىدىكى كاربون (14 س) ئانالىز ئېلىش ئىنستىتۇتلىرىغا تاپشۇرغاندا مۇنداق خۇلاسىنى چىقارغان ئىدى. يەنى خوشۇت ناھيەسىگە قاراشلىق ئوششاقتال رايونىدىكى قەدىمىي قەۋرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت بۇيۇملار:

1 - قېتىملىق ئانالىزنىڭ خۇلاسىسى: 155 ± 5375 ژىللار ئىلگەركى ۋاقتقاس توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن.

2 - قېتىملىق ئانالىزنىڭ خۇلاسىدا: 145 ± 3640 ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن.

3 - قېتىملىق ئانالىزنىڭ خۇلاسىسى: 100± 3385 ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن.

4 - قېتىملىق ئانالىزنىڭ خۇلاسىسى: 100± 3385 ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن.

لوبنۇر رايونى كونچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان كروران (رورەن) قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان كروران گوزەلىنىڭ ژىل دەۋرىنى:

1 - قېتىم 150 ± 6412 - ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دېيىلگەن.

2 - قېتىم 100 ± 3800 - ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دېيىلگەن.

3 - قېتىم 150 ± 3400 ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دېيىلگەن.

4 - قېتىم 100 ± 3400 ژىللار ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دېيىلگەن.

خەجىڭ ناھيەسىگە قاراشلىق چابغا جىلغىسىدىكى قەبرىلەرنىڭ ژىل دەۋرىنى 150 ± 2900 ژىل ئىلگىرى،

بۈگۈر ناھيەسىدىكى چومپاق قەبرىستانلىقىنىڭ ژىل دەۋرىنى 150± 3100 ژىل ئىلگىرى،

چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنىڭ ژىل دەۋرىنى 150 ± 3100 ژىل ئىلگىرى،

تۇرپان قاراغوجا قەبرىستانلىقىنىڭ ژىل دەۋرىنى 100 ± 2895 ژىل ئىلگىرى،

قۇمۇل قارا دوۋە قەبرىستانلىقىنىڭ ژىل دەۋرىنى 100 ± 3265 ژىل ئىلگىرى،

ئالغۇي جىلغىسىدىكى قەبرىستانلىقىنىڭ ژىل دەۋرىنى 135 ± 2725 ژىل ئىلگىرى دەپ مانا موشۇنداق خىمىيەۋى ئانالىزنىڭ كوماتلىق سانلىق مەلۇماتىنى ياساپ چىقىپ ئۇيغۇرستاندىكى ئۇيغۇرلار 3 مىڭ ژىل ئىلگىرى ئىپتىدائىي تۇرمۇشتا ياشاپ كەلگەن دېگەن غەرەزگە تاقاۋاتىدۇ. بۇ، يەردە شۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: نېمە ئۇچۇن كروران گوزىلىنىڭ دەسلەپكى بېكىتىلگەن (بۇ ھەققتە ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي گېزىتى «رېنمىن ژىباۋ» نىڭ 1981 - ژىلى 17 - فېۋرال ساندا ماقالە ئېلان قىلىپ 6412 ژىللىق تارىخىي بار يادىكارلىقتۇر» دېگەن ئىدى) 6412 ژىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ - دېگەن مۇلاھىزە پىكىرىدىن قايتىپ ئېلىپ «خاتا بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئوزگەرتىدۇ؟ خىمىيەلىك ئېكسپېرتىزدىمۇ نەچچە قېتىملاپ خاتالىق بولامدۇ؟ ... («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1989 - ژىل 1 - 2 سان 97 - بەت).

كەپ ئۇنىڭ خاتالىقىدا ئەمەس، كەپ كروران مەدەنىيىتىنىڭ 6412 ژىل بولۇپ باھالىنىپ، ختاينىڭ 5 مىڭ ژىللىق مەدەنىيەت تارىخىدىن ئۇستۇن كېلىۋاتقانلىقىدا بولىۋاتىدۇ! شۇنىڭ ئۇچۇن ختاي ئالىملىرى نېمە قىلىشىنى بىلمەي: «ئەگەر كروران گوزىلى 6 مىڭ ژىلدىن ئارتۇق باھالىنىدىغان بولسا، دۇنيا تارىخىنىڭ قېلىپلاشقان ژىل دەۋرىنى ئوزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا كروران گوزىلىنىڭ ژىل دەۋرىنى 2600 ژىلدىن ئاشۇرماسلىق كېرەك دېگەن پىكىرگە كېلىشىدۇ.

بىراقتا 1987 - ژىلى يازدا قۇتۇبى رايونىنىڭ قىزىل تاش تاغلىق كەنتىدە تېپىلغان تاش يۈزىگە چېكىلگەن جىنسىي تېۋىنىش رەسىملىرى بىلەن توخسۇن ناھىيەسىنىڭ ئەتراپىدىكى پەنجىر تاغ ئېتىگىدىكى تاش ئۈستىگە ئويۇلغان خەرىتە ۋە ئۇنىڭ ختاي ئالىملىرى تەرىپىدىن 8 مىڭ ژىل دەپ باھا بېرىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟..

ئەندى بىز كورلا ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا قاراپ كورەيلى. [illegible] چىققان كوپ نەرسىلەر چىرىمەي ساق چىققان. سەۋەبى ھاۋا رايى قۇرغاق، تۇپراق تەركىبىدە تۇز ماددىسى كوپ. شۇڭا قەبرىستانلىقتىن ۋە قەدىمقى خارابىلىكلاردىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئۇز ئەينى ساقلىنىپ قېلىشى ئەينە شۇنىڭدىندۇر. بۇ ئەتراپتىكى خەجىك، لوبنۇر، رورەن (كروران)، بۇگۇر، تۇششا قاتارلىق جايلاردىن سىلىق تاش قۇراللار بىلەن بىرگە [illegible] ساپال قاچىلار چىققان. شۇنىڭدەك سىلىق تاش [illegible] چىققان. يەنە بۇ جايلاردىن ئارپا، بۇغداي، تېرىق توخشاش دانلىق زىرائەتلەرمۇ چىققان. بۇ بۇغداي [illegible] كورلا كونچى دەرياسى بويىدىكى [illegible] قەبرىستانلىقىدىن [illegible] بونىڭدىن 6470 ژىل ئىلگەركى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ - دېگەنلىكەن ئىدى. مانا موشۇ فاكتلار سىلىق تاش قۇراللار دەۋرىدە ئۇيغۇرستاندا [illegible] ئىسپاتلىمامدۇ؟

ئاشۇ زاماندا ئۇيغۇرستاندا مىس، ئالتۇن ئېشلەپ چىقىرىش زور دەرىجىدە يۇكسەلگەن ئىدى. شۇڭا دۇنيا ئالىملىرى ئالتۇن بىلەن مىسنى تۇنجى بولۇپ [illegible] ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ھوكۇم قىلىشقاتتۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن زادى قەيەر؟

ئۇ - ئۇيغۇرستاننىڭ ئۇزىدۇر. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى بىزنىڭ ئۇيغۇرستاندۇر. [illegible] مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلار ۋە ئارخېئولوگلار [illegible] بىلەن ھوكۇم قىلىشقا [illegible] شۇڭا دادىل ھالدا مىس بىلەن ئالتۇن ئىشلىتىلگەننى ئوتتۇرا ئاسىيا دېمەستىن ئۇيغۇرستان دەپ ھوكۇم چىقىرىشلىرى لازىم ئىدى. بىراقتا ئۇلار [illegible]

ئانگلىيەلىك ستېين، شۇتسىيەلىك سۋېن ھېدىن قاتارلىق ئالىملار [illegible] «مۇسۇلمانلار» [illegible] «ئۇيغۇر خەلقى» نامى بىلەن «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىشى [illegible] «مۇسۇلمان خەلقلىرى» [illegible] ئەممەسمۇ؟ ستېين بۇ ھاقارەت سوز بىلانلا توختىمىستىن يەنە «تارىم [illegible] ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىك يوق، قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى سەۋىيەسى ناھايىتى توۋەن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ختاي، پېرسىيە (ئىران) ۋە ھىندستاندىن ئىبارەت ئۇچ خىل مەدەنىيەت ئارىلاشمىدىن ھاسىل بولغان» دېگەن كوز قاراشنى يازىدۇ. مانا بۇ ئالىملار خۇددى ختاي شوۋىنىستلىرىغا ھەمكارلاشقاندەك پىكىردە، كوز قاراشتا ختاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەتنى كەمسىتىشكە ھەمكارلاشماقتا. ئۇيغۇرلار تارىختا ئۇلۇق مەدەنىيەت ياراتقان خەلق. ئۇنى پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرستاندىن تېپىلغان ۋە يەر ئاستىدىن چىققان ئاجايىپ باي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقىمىز ئىسپاتلىماقتا. بۇ ھەقتە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاتاغلىق ئالىم ئارخېولوگى ۋاڭ بىڭخۇا شۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ رايونىدا ئىنتايىن قەدىمقى ۋە ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئېگە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، ئۇنىڭ يىلتىزى شىنجاڭنىڭ بېپايان زىمىنى بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە ئوزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى، ئۇنى قانداقتۇر مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى دەپ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى». (ۋاڭ بىڭخۇا - «شىنجاڭنىڭ قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا يېڭى تونۇش» دېگەن ماقالىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 - ژىل 3 - سان 44 بەت).

مانا كوروپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇزۇن ژىل ئۇيغۇرستان دائىرىسىدە ئارخېولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ئارخېولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئوزى ئىزدەپ تاپقان ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا توغرا باھا بېرىپ، تارىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چەتتىن ئېقىپ كىرگەن مەدەنىيەت دېگەن سەپساتاغا رەددىيە بەرىدۇ.

ئۇيغۇرستاننىڭ قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى ئۇيغۇرستاننىڭ ئوزىدە بارلىققا كەلگەن دەپ ژۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتتۇق. بۇنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن كېيىنكى ۋاقىتلاردا باينغۇلۇن رايونىدا قېزىلغان 600 دىن كوپ قەبرىلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. مەسىلەن: مىس پىچاق، مىس ئوقيا بېشى، مىس خەنجەر، مىس ئەينەك ئوخشاش. يەنە تاش قۇرال دەۋرىدە ئىشلەتكەن تاش پالتا، تاش نەيزە ئۇچى، تاش ساقا (سالغا تاش)، تاش ئوقيا بېشى، تاش ھاۋانچا، تاش قاچا، تاش بېگىز، تاش ژىڭنە، تاش ياغونچاق ئوخشاش يادىكارلىقلار ژۇقۇرىدىكى مەدەنىي بۇيۇملار بىلەن بىرگە چىققان. دېمەك يېڭى تاش قۇرال دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مىستىن ھەر خىل جابدۇقلارنى ئىشلەتكەن. يەنە ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ئالغوي ۋە ئۇيرىغۇل قەبرىستانلىقلىرىدىن كىچىك تومۇر پىچاق چىققان. بۇنىڭ ژىل دەۋرىنى 2600 ژىل ئىلگەركى دەۋر دەپ بېكىتكەن.

خەجىڭ ناھيەسىنىڭ چابغا جىلغىسىدىكى قەبرىستانلىقتىن، كوچارنىڭ ئاغى تېغىدىكى قەبرىستانلىقلاردىنمۇ تومۇر قۇراللار بايقالغان. بۇلارنىڭ ژىل دەۋرىنى 2800 ژىل دەپ بېكىتكەن. مانا موشۇ تومۇر قۇراللارنى ئۇيغۇرستاندا تاش كومۇر بىلەن تاۋلاپ تەييارلاتتى. بۇرۇن ختاي ئالىملىرى ئۇيغۇرستاننىڭ تومۇر قۇراللار مەدەنىيىتىنى ئىچكىرى ختاي رايونلىرىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇ تېپىلمىلاردىن قارىغىنىمىزدا ئۇيغۇرلار تومۇر قۇراللار مەدەنىيىتىنى مىلادىدىن ئىلگىرى 1000 - ژىللار ئەتراپىدىلا پايدىلىنىشنى بىلگەن ئىكەن. دېمەك بۇنىڭدىن بىز شۇنى بىلىمىزكى، ختاينىڭ تومۇر قۇراللار مەدەنىيىتىدىن بىزنىڭ 400 ژىل بۇرۇن بولغانلىقىنى كورىمىز. ھەتتا كومۇر ئىشلىتىش ئانگلىيەدە 13 - ئەسىردە باشلانغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار تومۇرنى ياغاچ بىلەن تاۋلىغان ئىكەن. ئانگلىيەدە كومۇر بىلەن تومۇر تاۋلاش پەقەت 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئومۇملاشقان.

مانا موشۇ فاكتلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى غەربتىن كەلگەن» ئەمەس، ئۇيغۇرستان زىمىنىدا ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئوسۇپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر قىزىغى لوبنۇر كولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نەچچە مىڭ قوزۇقنى قېقىپ قوزۇقنىڭ ئوستىگە شەھەر سالغان ئىكەن. مانا موشۇ ئالامەتلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەدەنىيەت يارىتالىغى ئۇيغۇرستاننىڭ بارلىق جايلىرىدا ئوزلۇكسىز نامايەن بولىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزى رايونلارنى (بۇلۇپمۇ تۇرپان ئوخشاش) قېزىپ ئۇلگۇرەلمەيۋاتىدۇ. مەدەنىيىتىمىزنىڭ موشۇنداق قەدىمقى تەرەققىياتىغا كوز ژۇمۇپ نېمە دېيەرىنى بىلمەي، تارىختا ئاللىقاچان ئىزى قالغان ياكى بولمىسا بۇ زىمىندا ئەسلا ياشىمىغان ياكى بولمىسا مەلۇم ۋاقىت ياشاپ كوچۇپ كەتكەن قەبىلىلەرنىمۇ (ياكى مىللەتلەرنى) بۇ مەدەنىيەتكە ئورتاق دەپ كورسىتىۋاتىدۇ. بىز مۇنداق ھەقىقەتكە كوز ژۇمۇپ مىللىي غۇرۇرىمىزنى دەپسەندە قىلىپ يازغان تارىخ ياسىغۇچىلارغا لەنەت ئوقۇيمىز.

چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرستانغا كېلىپ بەس - بەستە بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ قىلغان ئېكسپېدىتسىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە ژۇرگۇزۇلگىنىگە قاراپ 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرستاندىكى ئارخېولوگىيەلىك تەكشۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شۇنچىلىك زور دەرىجىدە تېپىلدىكى، مۇنداق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇنيانىڭ ھېچ قانداق يېرىدە تېپىلغان ئەمەس. بۇرۇن دۇنيا ئالىملىرى مىسىر پىرامىدا مەدەنىيىتىنى موجىزە دەپ تونۇپ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسا، ئەندى ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ ئەسلى ماكانى ئۇيغۇرستاندا ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئوزلىرىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرىغا قاراتماقتا. يەنى ئۇيغۇرستان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مىسىر، مېسوپوتامىيە، ختاي مەدەنىيىتى بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇرۇپ دۇنياغا ئوز مەدەنىيىتىنى تاراتقان مەملىكەت دەپ قارالماقتا.

قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتمۇشتىن تارتىپ موشۇ زىمىندا ياشاپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، ئاۋۇپ روناق تېپىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمقى تارىخى ئىزلار، قەدىمقى كلاسسىك ھوججەتلەر ئارقىلىق ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا يېتىپ كەلگەن بۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مۇئەييەن مۇستەقىللىققا ئىگىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى كۇچلۇك ئەنئەنىۋىلىككە ئېگە. ئۇيغۇرستان ئەڭ قەدىمقى زامانلاردا ۋە بەزى مۇھىم تارىخى دەۋرلەردە باشقا مەدەنىيەت رايونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇرغۇنلىغان چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھەر قايسى ساھادا يەنىلا مۇستەقىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئېگە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇزلۇكسىز يارىتىلىپ تۇرغان بۇ ژىرىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسى ئورنىدا تۇرۇپ، قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت قوشۇمچە ئورنىدا تۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەينە شۇنداق باي مەزمۇنغا ئېگە بولغانلىغى ئۇچۇن ئەينى زاماندا ئەجايىپ تەرەققىي قىلىپ خوشنا ئەللەرگە كۇچلۇك تەسىر قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئامېرىكا ئوكلاخوما ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋ. كارت بىلەن توم دىل ئەپەندىلەر شۇنداق دېگەن ئىدى: «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - ژىللار ئەتراپىدا ختاينىڭ شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كوپ قىسمى خۇاڭخې دەريا بويلىرىدا سىرىق تۇپلىق ئېدىرلىقلاردا، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى تارىم ئويمانلىقىدا رىۋاج تېپىپ ئاندىن شىمالى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى تۇزلەڭلىكلەرگە تارقالغان» دېگەن ئىدى.

ئۇيغۇرستاننىڭ موشۇنداق رەڭگا - رەڭ مول بايلىقى يەر ئاستى ۋە يەر ئۇستىدىن كوپلەپ تېپىلىپ دۇنيادىكى ۋە شۇنىڭدەك ياۋروپادىكى ئىلىم ساھاسىدا كۇچلۇك شەلپەر كوتەرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشى ژۇقۇرى پەللىگە كوتۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۇچۇنلا 18 - 19 - 20 - ئەسىرلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئوزلىرىنىڭ ئارخېولوگ ئالىملىرىنى ئۇيغۇرستانغا ئەۋەتىشكە باشلايدۇ. ئۇلار كەڭ دائىرىدە تەكشۇردى، رەتلەپ چىقتى، قېزىپ چىقتى ھەم خەرىتىگە ئېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان چىگىش مەسىلىلەر يېشىلدى. موشۇ ئەمگەكنى يورۇتۇشتا جان دىلى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەن ئالىملاردىن ئانگلىيەلىك ئاۋرىل ستېين، شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىنلارنى ئالايىتەن ئاتاشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىش پائالىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ژىغىپ، رەتلەپ ئوگىنىش ئۇيغۇرستان ئارخېولوگىيە خادىملىرى ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 1949 - ژىلى ئوكتەبىردە قۇرۇلۇش بىلەن چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ ئوز ئىختىيارىچە ئۇيغۇرستان يېرىگە كىرىشىگە چەك قويىدى. ئۇلارنىڭ ئوتمۇشتىكى پائالىيىتىگە قاراپ «قاراقچىلار»، «بولاڭچىلار» دەپ تەشۋىق قىلدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ چەت ئەل پۇخرالىغىدا تۇرۇپ ئىككىنچى بىر مەملىكەتنىڭ چېگراسى ئىچىگە كىرىپ ئارخېولوگىيە ئوترىتى نامى بىلەن يەر ئاستىدا كومۇلۇپ ياتقان ئېسىل مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى كولاپ تاش غارلاردىكى، ئىبادەتخانىلاردىكى تام سۇرەتلەر بىلەن ھەيكەللەرنى سويۇپ ياكى كېسىپ ئېلىپ ئوز ئەللىرىگە ئەكەتىشى بىلەن ھەر خىل جوغراپىيەلىك ۋە ستراتېگىيەلىك خەرىتىلەرنى سىزىپ ئەكەتىشى بۇ قانۇنسىزلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىراقتا ھازىرقى ختاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىدىن قارىغاندا ئۇ نەرسىلەرنى ژىغىپ، رەتلەپ، تويلاپ قويغىنى ياخشى بوپتۇ دەپ ئويلايمەن، سەۋەبى:

بىرىنچىدىن دېخانلاردا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت

توغرىسىدا ھېچ قانداق چۈشەنچە بولمىغانلىقتىن يەر ئاس-
تى ۋە ئۈستىدىن ژىغىپ ئېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىق-
لارنى رەتلەپ، خاتىرىلەپ ئۈنىڭدىن مىللىتىمىزنىڭ تا-
رىخى يېزىلىدىغانلىقىدىن تولۇق خەۋەردار بولمىغانلىق-
تىن ئۇزلىرىنىڭ دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى ئوغۇتلاش
مەخسىتى بىلەن كونا شەھەر، كونا قەلئە ئوخشاش قېدىمى-
قى خارابىلىقلارنى خالىغانچە كولاپ توپا ئېلىپ ئېتىز-
لىقلىرىنى ئوغۇتلاشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق ئىش يالغۇز
بۈرۈنقى ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، ھازىرمۇ دېخانلار قېدىمى-
قى خارابىلىقلاردىن توپا ئالىدۇ. موشۇ مۇناسىۋەت بى-
لەن يەر ئاستىدىكى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار قې-
زىپ ئېلىنىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. چەت ئەل-
لىك ئالىملار ئۇيغۇرستان دائىرىسىدە ئايلىنىپ ژۈرگەن
پەيتلىرىدە بۇنداق ۋاقەلەرنىڭ كوپ قېتىم گۇۋاچىلىرى
بولغان. مەنمۇ 1959 ـ ژىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە
ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە قىزىش خىزمىتىنى ئې-
لىپ بارغان ۋاختىمدا مارالبېشى، يەكەن، خوتەن، قۇمۇل
قاتارلىق جايلاردا دېخانلارنىڭ ئوغۇت ئۈچۈن كونا شە-
ھەردىن توپا كولاۋاتقانلىقلىرىنى ئوز كوزۈم بىلەن كور-
گەن ئىدىم. مانا موشۇ بۇزغۇنچىلىقتىن چەت ئەللىكلەر
مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى-
نى ساقلاپ قالدى دەپ قارايمەن.

ئىككىنچىدىن، مۇشۇ ياۋروپالىق ئالىملار بوندىن يۈز
نەچچە ژىل بورۇن ئۇيغۇرستاننىڭ يەر ئاستى مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنى ژىغىپ، رەتلەپ، تەتقىق قىلىش
ئارقىلىق ئۇيغۇرستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە شۇنىڭدەك
ياۋروپا ھەم دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەتلىك جاي
ئېكەنلىكىنى ھەم ئۇيغۇرستان تارىخى مەدەنىيىتىنىڭ
ئاشكارا بولۇشى بىلەن خەلق ئارا بويىچە يېشىلمەي كەل-
گەن، چىگىش، ئابستراكت مەسىلەرنى يېشىپ بەر-
دى، ھەم خەلق ئارا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇھىم بىر
قىسمى بولۇپ قالغانلىغىنى دۇنياغا تونۇتتى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرستان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-
نىڭ مۇھىم ئۇختىلىرى بويىچە ئۇزلىرىنىڭ ئىلمىي كوز
قاراشلىرىنى ئېلان قىلىپ خىتاي ھەم ئۇيغۇر مەدەنى-
يەت خادىملىرىنى تەييارلاش ھەم ئۇلارنىڭ كوزىنى ئې-
چىشقا يەنە ئۇلارنىڭ كەسپى سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشقا
تۈرتكۈلۈك رول ئوينىدى.

تورتىنچىدىن، ئۇيغۇرستاننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە-
سىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ ئۇنىڭ گېئوگرافىيەلىك جاي-
لىشىش ئورنىنى توغرا كورسۈتۈپ بەردى. ھەم بورۇن
ئېلان قىلىنىپ خاتا بولۇپ قالغان گېئوگرافىيەلىك يەر
شەكلىنىڭ خاتالىقلىرىنى توغرا ھېساپلاپ ھەقىقى گېئو-
گرافىيەلىك ئورۇنلۇنۇش شەكلىنى توغرا كورسۈتۈپ
بەردى.

بەشىنچىدىن، ئاسىيا قورۇقلۇغى بويىچە ياۋروپانى
تۇتاشتۇرىدىغان ئىپەك يولى قورۇقلۇق قاتنىشىنىڭ مۇ-
ھىم يول لىنىيەلىرىنى ئىنىقلاپ چىقتى ھەم ئۇنىڭغا دا-
ئىر مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ چىقتى.

ئالتىنچىدىن، ئۇيغۇرستاندا شۇ زامانلاردا ياشاۋاتقان
خەلقلەرنىڭ قەبىلەۋى گۇرۇھلارنىڭ تارىخى، ئېتنوگراف-
يەسى ھەم ئۇلارنىڭ ئوز ـ ئارا مۇناسىۋەتلەرگە دائىر نۇر-
غۇن مەسىلەرنى يېشىپ بەردى.

يەتتىنچىدىن، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا ھەم
پۈتۈن دۇنيا تارىخىدا تۇتقان مۇھىم رولى ئۈچۈن بىر ـ
دىن ـ بىر گۇۋاچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر تارىخى-
نى بورمۇلاپ كورسىتىۋاتقان خىتاي شوۋىنىست تارىخ-
چىلىرى ئۈچۈن بىردىن ـ بىر رەددىيە سۈپىتىدە بىزگە
ھەقىقەتنىڭ ئەينىكىنى كورسىتىپ بەردى. بۇ، سەيياھلار-
نىڭ ژۇقۇرىدىكى خىزمەت پائالىيەتلىرىنى ئېتىۋارغا ئې-
لىپ ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە توغرا باھا بېرىشى-
مىز لازىم. بىراقتا ئۇلارنىڭ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرىنى ژىغىش، توپلاش، رەتلەش، ئىلمىي ئاساستا تەھ-
لىل ژۈرگۈزۈش جەھەتلىرىدىكى خاتالىقلىرىغا تەنقىدى
قاراشلىرىمىز لازىم. ھازىر بەزى خىتاي ئالىملىرى (ئاسا-
سەن بارلىغى دېسەكمۇ بولىدۇ) بۇ سەيياھلارنىڭ ئوتمۈش-
تىكى ئىش پائالىيەتلىرىگە قاراپ ھاقارەتلەپ كەلمەكتە.
ئەگەر پۈتۈنلەي مۇشۇنداق دەپ قارىساق توغرا بولمايدۇ.
ئۇلارنىڭ ژۇقۇرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ بار. مەلۇم
خاتالىقلىرىمۇ بار، شۇڭا بۇ مەسىلىگە ئايرىم باھا بەرگىنى-
مىز تۈزۈك.

ئابدۇكېرىم سابىتى،
ئارخېئولوگ.
(ئاخىرى بار).



سۈرەتتە: دېخانلار ئوغۇت ئۈچۈن قېدىمىي خارابىلىق ئورنىنى قازغان ۋاختىدا چىققان قول يازمىلار.
(بۇ سۈرەتلەر مۇئەللىپنىڭ ئارخىۋىدىن ئېلىندى).

سۈرەتتە: 1959 ـ ژىلى ئوكتەبىردە نىيە پوتەي خارابىسىدىن تېپىلغان ئادەم جەسىدىنى قۇملۇقتىن ئېلىپ چىقىۋاتقان پەيت.



سۈرەتلەردە: ئىسلامىيەتتىن ئىلگەركى ئۇيغۇر ھەيكەلتاراشلىق نەمۇنىلىرى.
«ئىپەك يولى» كىتاۋىدىن. بېرلىن، دىتىرىش رايمېر نەشرىياتى ۋە
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق مۇزېيى» كىتاۋىدىن. (جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى).

ئابدۇكېرىم غەنىيېۋ

سەن ياشايسەن مەڭگۈ ـ ئەبەد دىلىمىزدا

(ئەزىز سىڭلىم دىلبىرىم سامساقوۋاغا)

كوز ئالدىمىدىن ئوچمەي تۇرار قىياپىتىڭ، ئەزىز سىڭلىم،
جان ئېدىڭغۇ قەلبىڭ سېخى، ژۈرىكىڭدە تولغان بىلىم.
قانداق قاتىل قىيىۋەتتى سېنىڭ گۈلدەك ھاياتىڭنى؟!
ئاڭلاپ بۇ شۇم خەۋەرنى چوغ ئىچىدە قالدى دىلىم.
جان ئېدىڭغۇ خەلقىڭ ئۈچۈن ئوزەڭنى ھېچ ئايىمايدىغان،
ئەگەر خەلقىڭ ئازاپ چەكسە، سەنمۇ چېكەر ئېدىڭ پىغان.
كىچىكىڭدىن ئوستۇڭ، سىڭلىم، ئەزىز خەلقىم، دىيارىم دەپ،
سەن ئېكىدىڭ زور ژۈرەككە قۇياش كەبى پارلاپ تۇرغان.
ئامال قانچە، ئەزىز سىڭلىم، ياۋ قولىدىن نابۇت بولدىڭ،
ياشىغىدەك كۈچۈڭ باردى، ئامما بەكمۇ بۇرۇن سولدۇڭ.
پەيلى بۇزۇق ياۋ ـ رەقىپلەر ھاياتىڭنى كورەلمىدى،
جۇدالىقتىن ئازاپ چېكىپ، دەرت ـ ئەلەمگە مەنمۇ تولدۇم.
سويگەن يارىڭ نارىمانمۇ كېچە ـ كۈندۈز ئىڭراپ قالدى،
پەرزەنتلىرىڭ زوھرا، ئېلمان، دىلنارەملەر ژىغلاپ قالدى.
ئانىلىرىڭ ھېكىمخان ۋە خېلىچەملەر ئەيلەپ پىغان،
دات ـ پەرياد ئىچرە قاخشاپ ژۈرەكلىرىن تىغلاپ قالدى.
ئىنىلىرىڭ دىلمۇرات ۋە سۇلتانمۇرات، خالمۇراتلار،
سېنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ، قاقار ئېدى چىلىڭ قاناتلار.
بۈگۈن بولسا چوڭقۇر ماتەم ئىچرە ئاچچىق ياشلار توكۈپ،
موجۇماقتا ژۈرىكىنى تاشتەك ئېغىر دەرت ـ ئازاپلار.
سەن ئويلاتتىڭ ئەزىز سىڭلىم، مىسكىن خەلقىڭ تەغدىرىنى،
ئەشۇ يولدا كورەر ئېدىڭ ئۆلۈك ئىشلار تەدبىرىنى.
ژۈرىكىڭدە پارلار ئېدى جەڭ ـ كۈرەشنىڭ چوغ ـ ئوتلىرى،
ئازاتلىق! دەپ باسار ئېدىڭ قەدىمىڭنىڭ ھەر بىرىنى.
كېلەر بىر چاغ، ئەزىز سىڭلىم، ئارمان قىلغان ئەشۇ كۈنلەر،
ئۇيغۇرستان ئاسمىنىدىن مەڭگۈ كېتەر قارا تۈنلەر.
قوشۇپ سېنى ناخشىلارغا ياڭرىتارمىز سەھەرلەردە،
ھۆر ۋەتەندە جارالغاچ كېچە ـ كۈندۈز شاتلىق ئۈنلەر.
دىلبىرىم دەپ نامىڭ قالدى قەيەر خەلقىڭ ئارىسىدا،
جىمى قىلغان ئۆلۈق ئىشىڭ ئەل ـ يۇرتۇڭنىڭ بار ئېسىدە.
بىز ئەيلەيمىز مىڭ تەشەككۇر جىمى ئەجرىڭ، ھىممىتىڭگە،
شۇ ھىممىتىڭ ئۇزلار چاچسۇن مۇناپىقلار يارىسىغا!
سەن ياشايسەن، ئەزىز سىڭلىم مەڭگۈ ـ ئەبەد دىلىمىزدا،
داستان بولۇپ، غەزەل بولۇپ ئوقۇلىسەن دىلىمىزدا.
نازۇگۈمدەك، ئىپارخاندەك باتۇر قىزلار رەمزى بولۇپ،
يېزىلارسەن تارىخلارغا ئەركىن ـ ئازات ئېلىمىزدا.

ھەۋەسكار شائىرلار ئىجادىدىن

ئانا ۋەتەن ئالتۇن دىيار

ئوز يېرىمگە بۇغداي تەرسەم ئۈنمەدى،
ئەزەلدىن مېنىڭ يېرىم شورلۇقمىدى؟
ئەمگەك قىلىپ قۇرۇق قول بولۇپ قالدىم،
ياتلار قولىغا قاراپ تەلمۈرۈش مىراسىمدى؟!

ھەسرەت، ئارمانىنى نان ئورنىدا يەيمەن،
قانداق قىلاي، باش پانا بولىسىدى دەيمەن.
جان ۋەتەن، ئولۇپ كەتسەم، مەيلى كېتەي،
ياتلار قولىغا قاراپ ئاھ دەپ قالسام دەيمەن.

ۋەتەن دېگەن ئىنسانلارنىڭ ژۈرىگى،
ئانا ۋەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىگى.
خەلقىمنىڭ دىلىنى قاندۇرۇپ تۇرغان،
قەشقەر دېگەن ئاتا ـ ئانام بۆلىگى.

ئاتا ـ ئانام ۋاقىتلىق غەمگۇزار ئىكەن،
ئانا يۇرتۇڭ مەڭگۈ مېھرىبان ئىكەن.
مۇساپىر ژىتىملىق بېشىدىن كەچمىگەچ،
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلماس ئىكەن.

غەمگۇزار ئانامدىن ئايرىدىڭ مېنى،
ۋەتەندىن ئايرىپ ژىغلاتتىڭ مېنى.
بېشىم سىلار غەمگۇزارىم يوق مېنىڭ،
ھەي ئاللاھ، ۋەتەنگە زار قىلدىڭ مېنى،

ئەلنىڭ ئويىدە ئولتىرىپ ئۇيۇلۇپ قالدىم،
بۇ بېشىمغا پانا تاپىسام بولماس.
بودۇنىدەك ماكانسىز بولۇپ ژۈرمەي،
مەنمۇ ئوز ۋەتىنىمنى تاپىسام بولماس.

ۋەتەن سېنى سېغىنىپ كورگىلى كەلدىم،
مۇقەددەس توپاڭنى كوزۈمگە سۈرگىلى كەلدىم.
سېنى ئەسلەپ يېشىن توككەن دوستلارنىڭ،
ئاھۇ زار سالىمىنى ئېيتقىلى كەلدىم.

كۈن نۇرىنى توساپ بولماس ئېتەك بىلەن،
بۇلاق سۈيىنى بېسىپ بولماس ئالقان بىلەن.
ۋەتەن ئۈچۈن ھەر دايىم قايناپ تۇرسا دىل،
باغلاپ بولماس ئىلھامنى ئارقان بىلەن.

ۋەتەن ساڭا ئاشىقلىغىم تاغ كەبى،
بىلمەك بولساڭ رەڭگىم بېرەر گۇۋالىقنى.
ۋەتەن سويۇش ئاتىلاردىن قالغان مىراس،
پەرۋانىدىن ئۈگەندىم پىدالىقنى.

قولىمىزدا يوغان تارانچى ئوغاق،
ئېتىزدا بېلىقتەك تىنماي ئۈزەتتۇق.
ئۇسسىغاندا چېيى تاتلىق قاپاقتىن،
قەنسىز چاينى قەنت سالغاندەك ئىچەتتۇق.

كىملەر مىسكىن، ھەق ئىشقا ئادىل بولسا،
ئۇنداق كىشىنى، دەيدۇ سۇلايمان پادىشا، بىل.
ۋەتەن ئۈچۈن ئىشقى مېھرى بولمىسا،
ئۇنداق كىشىنى، دەيدۇ ئەل نامەرت، بىل.

سادىر كىيگەن ئاق قالپاقنى كىيەتتۇق،
ئايدىڭدا خامانغا بۇغداي توشاتتۇق.
سېخى قول خاماندا بۇغداينى تېپىپ،
تاڭ سەھەردە ئۇنى سورۇپ ئالاتتۇق.

جېنىم ئاتا مەن دۇنياغا كەلگەندە،
ئېتىمنى ۋەتەنيار دەپ قويغانمىدىڭ.
ھەي ئاتا تاغۇ ـ تاشقا كوچۈپ ژۈردۈم،
بوينۇم قىسىپ ژىغلىشىمنى بىلگەنمىدىڭ؟

كۈرەش قىلىپ گۇمىنداڭدىن قۇتۇلدۇق،
بىلمەي قالدۇق ماۋزېدۇڭغا تۇتۇلدۇق.
ئانا دىيار ئېگىلىرى ئۇيغۇرلار،
قارا نىيەت بۇلاڭچىغا يەم بولدۇق.

يولداش قادىروۋ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

ئۆملۈك، ئىناقلىق توغرىسىدا

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سوزلىشىپ (تېپىشار).

ئاغا ـ ئىنى ئىناق بولسا ئات تۇلا،
ئىنگىچە ـ سىڭىل ئىناق بولسا ئاش (تۇلا).

ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت يوق.

بىر قېتىم جېدەل بولغان ئۆيدىن
قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.

بىرلەشكەن ئۇزار،
بىرلەشمىگەن توزار.

بىرلىك بولماي كۈچ بولماس.

بىللە يېگەن ئاش تەملىك،
بىللە قىلغان ئىش كوڭۇللۇك.

جېدەلنىڭ چىرايلىغى يوق،
ھاقارەتنىڭ تاتلىغى يوق.

سۇنى ئېقىشىغا باق،
خەلقنىڭ خاھىشىغا باق.

قاتاردىن قالغۇچە خەتەردە قال.

كوپچىلىك بىرلەشسە تاغنىمۇ ئۆرۈيتار.

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

كوپكە يېقىن ـ كوككە يېقىن.

كوپنىڭ قارغىشىغا يولۇققان ئاغرىماي ئولەر.

كوپ ياققان ئوتنىڭ شولىسى كوككە يېتەر.

مۈشۈكتەك يالىشىپتۇ،
ئىشتتەك تالىشىپتۇ.

ئوم بولمىسا ئەل بولماس،
ھېچ بىر ئىش ھەل بولماس.

يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ زېرىكىپ قالار.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئوتكەن ۋەيران بولماس.

يالغۇز ژۈرۈپ يول تاپقىچە
كوپ بىلەن ژۈرۈپ ئادىشىپ كەت.

يولدىن چىقساڭمۇ كوپتىن چىقما.

بىر تاردا راۋاپ چالساڭ سادا چىقماس.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسستار.

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئولتان بولماس،

يالغۇز تېرەككە جىن يامىشىپتۇ.

كوپكە يۈلەنسەڭ كوكلەيسەن.

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

توپ مالغا بورىمۇ يېقىن كېلەلمەس.

تونۇرى بىر،
كوسىيى باشقا.

دەرەخنىڭ شېخىدىن تارتساڭ غولى ئېگىلەر.

ئو بېشىدىنلا چۈشىن قورۇپتۇ.

توپ بولغان توق بولار.

مۇقەددەس كىتاپلىرىمىزنى قەدىرلەيلى

ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور روبېرت دانكوف ئۇزۇن ژىللىق ئىزدىنىش ئارقىلىق 1987 ـ 1988 ـ ژىللىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت ئىككى شاھانە كىتاۋىمىزنى قېدىمى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇردى ۋە بۇ ھەقتە نوپۇزلۇق تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

ئۇنجى قېتىم بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئا ق ش تىن كەلگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى يوھان ئەپەندىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» ئامېرىكىدا نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن بازىرى ئىتتىك، ئەتىۋالىق ئىلمىي تەتقىقات كىتاپلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى زور ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، ماڭا بۇ شاھانە كىتاپلىرىمىزنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى تېزراق كۆرۈش ئىشتىياقىنى يېقىپلىۋەتكەندى.

مۇشۇ ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ كىتاپلار قانچە پۇل بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئامېرىكىدىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈرۈشكە ۋە روبېرت دانكوفنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى تېزراق ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىلىم ئاشىنالىرىمىزغا تەغدىم قىلىشقا تەقەززا بولدۇم. بۇ ئارزۇيۇمنى يوھان ئەپەندى قىشلىق تەتىلدە ئامېرىكىغا قايتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئېيتتىۋىدىم، يېنىشىدا ئۇ، بۇ ئىككى كىتاپنى 100 دوللارغا سېتىۋېلىپ تەغدىم قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىتاپلار ئامېرىكىدا ئاللىقاچان سېتىلىپ بولغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ھېچ نەدىن تاپالماي دوستىدىن سېتىۋېلىپ ماڭا ھەدىيە قىلىپتۇ.

ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتقان بۇ ئىككى مەشھۇر قامۇس كىتاپ ھازىرقى زامان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن ئاجايىپ نەپىس ـ كۆركەم بېسىلغاندى. ئامېرىكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان زامانىۋى دۆلەتتە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىباھا مەدەنىيەت گوھىرى ـ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەشىر قىلىنىپ، دۇنيا ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلەندىم. ئىپتىخارلاندىم. روبېرت دانكوف ئەپەندىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە سۆز بېشى ئورنىدا يازغان چوڭ ھەجىمدىكى ئىلمىي ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەغدىم قىلدىم.

بىزگە دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۇلۇغ كىتاپلار 1984 ـ ژىلىدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۈچ توملۇق) 10 مىڭ، «قۇتادغۇ بىلىك» 25 مىڭ تىراژدا نەشىر قىلىنغاندى. بۇ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى قالتىس ئۇلۇغ، موجىزىۋى، خاسىيەتلىك ئىش ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەڭگۈشتەر كىتاپلارنىڭ بىر قىسمىنى قەدرىگە يەتكەن ئازلا ئادەملىرىمىزلا سېتىۋېلىپ، قالغانلىرىنى ھازىرغىچە كىتاپخانىلاردا توپا بېسىپ ياتتى. بۇ ئىككى كىتاپ ناھايىتى 25 يۈەنكىلا مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر توخۇنىڭ پۇلىغا كېلەتتى. ئەجەبا، ئىككى ئۇيغۇر بىر يەرگە كەلسەك بىر بوتۇلكىسى ئەللىك يۈەنلىك ئاچچىق ھاراقنى ئىچىشكە پۇل چىقىدۇيۇ، بىزنى دۇنياغا تونۇتقان، خەلقىنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلەتكەن مۇشۇنداق ئۇلۇغ كىتاپنى سېتىۋېلىشقا پۇل چىقمىغىنى بىزدىكى تولىمۇ ئېچىنارلىق روھىيەت پاجىئەسى، مەنىۋى گادايلىق ئەمەسمۇ؟ تىلى، دىنى، ئىرقى، ئۆرپى ـ ئادىتى تامامەن بىزگە يات بولغان، دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ ئىلغار، مەدەنىي مىللەت سانايدىغان ئىنگلىزلار چېغىدا ئۇنى 100 دوللاردىن بەس ـ بەس بىلەن سېتىۋېلىپ تەتقىق قىلىۋاتقان يەردە، بىز بۇ بىر جۈپ ئەڭگۈشتەر كىتاپنىڭ ھەقلىق ئىگىسى ـ مىراسخورى تۇرۇپ، ئۇ بىباھا گوھەرلەر توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ ياتسا، ئۇلۇغ مەنىۋى ئۇۋرۇكلىرىمىز مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ روھىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟ بىلىشىمىز بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى دەسمايىمىز بىلەنلا دۇنياغا تونۇلۇپ، چوڭ سۆزلەپ ژۈرىۋاتىمىز. ئۇنداقتا ئۆزىمىز سېتىپ يەۋاتقان بۇ بىباھا دەسمايىمىزنى قەدىرلىمىگەن غەزىللىكىمىزنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىمىز؟!

يالغان دېسەڭ، قېنى كىتاپخانىلارغا كىرىپ باقايلى، ئىلىمدا تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئەجدات بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۈيۈك كىتاۋى «قۇتادغۇ بىلىك» باھاسى چۈشۈرۈلگەن كىتاپلار جاۋھىنىگە تىزىلىپ، يەتتە يۈەندىمۇ سېتىلماي توپا بېسىپ ياتىدۇ، بىز ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بىلەن، قاھىرە، ۋېنا، ئىستامبولدىكى يات ئەللەرنىڭ پايتەختلىرىدە بۇ كىتاپنىڭ قولىيازمىلىرى بىباھا گوھەر سانىلىپ، قورال بىلەن مۇزېيخانىلاردا قوغدىلىۋاتىدۇ. بىز نېمە قىلىۋاتىمىز، خەقچۇ؟

ئۆز زېمىنىمىزنى سۆيەيلى

ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان بىر دوستۇم يېقىندا ماڭا مۇنداق تەسىرلىك ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ياپونىيەلىك بىر ئارخېئولوگ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ دوستۇم بىلەن ئاۋال بېيجىڭغا كەپتۇ. ئاندىن ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ بىر كۈنمۇ توختىماي شۇ كۈنى كەچتىلا قەشقەرگە بېرىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇپالدىكى مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنى باشلاپتۇ. دوستۇم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن: «سىزنى بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋاقتىڭىز شۇنچە قىسقا تۇرۇپمۇ ئەڭ ئاۋال ئۇپالغا باردىڭىزمۇ بۇ نېمە سەۋەپتىن؟» دەپ سوراپتۇ. ئارخېئولوگ دوستۇمنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمەي: «مەن سىزگە ياپونىيەگە بارغاندا دەپ بېرەي» دەپلا قويۇپتۇ. ئۇلار قەشقەر، خوتەن، لوپنۇرلاردا 15 كۈن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا تەكلىماكان قۇملۇقىغىمۇ كىرىپتۇ. سەپەردە ياپونىيەلىك ئارخېئولوگ يول بويى يېگەن پىچىنىنىڭ كوروپكىلىرى، ئىچكەن مىنېرال سۇلىرىنىڭ بوتۇلكىلىرىنى ژىغىپ مېڭىپتۇ. دوستۇمنىڭ بۇ ئىشلارغا ئىچى پۇشۇپ ئۇنىڭغا: «بۇلارنى ژىغىپ ئۆزىمىزگە ئېغىر ـ ئارتۇق ژۈك قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ تەكلىماكان دېگەن پايانى يوق قۇملۇق، بۇ قاتتىق ـ قۇرۇقلارنى تاشلىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟» دەپتۇ. ياپونىيەلىك ئارخېئولوگ لام ـ جىم دېمەي مېيىغىدا كۈلۈپلا قويۇپتۇ. بۇ ئىش تاكى ئارخېئولوگىيەلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش تۈگىگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار تۇرپاننى زىيارەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ياپونىيەلىك ئارخېئولوگ ئۆزلىرى ئولتۇرغان مىنبۇستىلى مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى، سۇلياۋ خالتا، قەغەز كوروپكىلار قاچىلانغان تاغارنى كۆرۈپ، مېھمانخانىنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ياتاققا كىرىپ ژۇيۇنۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى ئۈرۈمچىدە بىر كۈن تۇرۇپ ئەتىسى بېيجىڭ ئارقىلىق ياپونىيەگە قايتىپتۇ. ياپونىيەلىك ئارخېئولوگ ئۆز دۆلىتىگە كەلگەندىن كېيىن دوستۇمغا: «ئەندى سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاپ بېرەي. مېنىڭ ئەڭ ئاۋال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇق ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشىمدىكى سەۋەپ، مەھمۇد قەشقەرى دۇنيادا ئۇنجى بولۇپ ياپونىيە دېگەن ئىسىمنى دۇنيا خەرىتىسىگە يازغان ۋە ئۇ خەرىتىنى سىزغان ئالىم. شۇڭا، بىز ياپونلار ئۇ بۈيۈك زاتقا چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. شۇ ئەقىدە بىلەن مەنمۇ جۇڭگوغا كېلىپلا ئەڭ ئاۋال ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەسلى خىزمىتىمنى پىچىنە كوروپكىلىرى، ئىشلىتىلىپ بولغان مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى ۋە تۈرلۈك ئەسكى قەغەز، سۇلياۋ خالتىلارنى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تاشلىۋېتىشنى ئېيتتىڭىز. سىز دېگەندەك قىلسام ھېچ كىم سۈرۈشتە قىلماتتى. ئامما مەڭگۈلۈك ۋىجدان ئازاۋىغا قالاتتىم. ۋىكمت. ئەجدادىڭىز تۇردىگەن ئاشۇ شۆھرەتلىك قېدىمىكى زېمىنىنىڭ غەرىپ بىلەن شەرىق مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغان بەلۋاق، ئىنسانىيەتكە پارلاق مەدەنىيەت ئاچقۇچى كۆمۈلگەن بۈيۈك خەزىنە ئىكەنلىكىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغان، ياشاپ، ئىجاد قىلغان، ئۇنى باغرىغا بېسىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن مۇقەددەس تۇپراق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز، ئۇنىڭغا ئەخلەت تاشلاش ئەمەس، دەسسەشكىمۇ ئەيمىنىسىز؟» ـ دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ. يات خەلق چېغىدا بىزنىڭ زېمىنىمىزدىن شۇنچە ئەيمىنىپ، مۇقەددەس تاۋاپگاھ سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ئۇلۇغلاۋاتسا، بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ بولدى. ئارتۇق سۆزلىمەيلى، تەبىئەت ئانىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىپ چەيلەپ نېمىلەرگە ئوخشىتىپ قويدۇق؟! تاش يول، تۆمۈر يول بويلىرى، چول ـ باياۋانلىرىمىزنىڭمۇ كېپىنى قىلمايلى، ئەدناسى، زېمىنىنىڭ جەننىتى بولغان ياپ يېشىل تاغۇ دەريا، كول ـ بۇلاق، باغۇ ـ بوستانلىرىمىزغا بىز تاشلىغان ھەددى ـ ھېساپسىز ھاراق، پىۋا، مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى، ئەسكى قەغەز قاپلار، ھەممە يەرگە ماڭغىدەك چاپلىشىپ، يەرنىڭ يۈزى كورۇنمەي قالغان سۇلياۋ پارچىلار بۇ گۈزەل ئانا تۇپرىقىمىزنى يەر شارىنىڭ ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدىكى ئاددى فاكتقۇ؟

ھاجى قۇتلۇق قادىرى،
«بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا» دېگەن كىتاۋىدىن.

ساھىدەم قادىروۋا ئالمۇتا ۋىلايىتى تالغىر ناھىيەسىنىڭ قىزىل غەيرەت يېزىسىدا ياشايدۇ. ساھىدەم تالغىر ناھىيەسى ئالتاغ يېزا ئوكرۇگىغا قاراشلىق «ئالمالىق»، «چىمبۇلاق» ساناتورىيەلىرىنىڭ فېلدشېرلىق ـ ئاكۇشېرلىق پۇنكتلىرىدا، 18 ـ ۋە 19 ـ مەكتەپلەردە بالىلار سالامەتلىگىنى ساقلاش خىزمىتىدە كوپ ژىللاردىن بۇيان ئۈنۈملۈك ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.
سۈرەتتە: بالىلار دوختۇرى ساھىدەم قادىروۋا ئىش ئۈستىدە.
ئۈچقۇن قۇربانىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

تېلېفون: 73 ـ 84 ـ 59

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى ـ جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1500 زاكاز 9698

ئالمۇتا، 480044 ئىپەك يولى كوچىسى 50 بىنا، 8 ـ قەۋەت، 813 ـ خانە

يېڭى ھايات

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.